ئىبراھىم قۇربان

# يەتتە قىزلار



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئىبراھىم قۇربان

# [illegible]

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىممەت ھاجى

# يەتتە قىزلىرىم

(تارىخىي داستان)

شىنجاڭ ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092 × 787 مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋاق 4
1954-يىل 5-ئاي 1-نەشرى 1954-يىل 7-ئاي 1-بېسىلىشى
سانى: 1 -- 15000
كىتاب نومۇرى: 41 -- 10264
باھاسى: 0.32 يۈەن

## نەشرىياتتىن

ئىبراھىم قۇربان 1942 - يىلى ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ يامانسۇ يېزىسىدا بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1950 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1980 - يىلغىچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىجادىيەتچى، ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. ھازىر ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلەيدۇ.

ئىبراھىم قۇرباننىڭ ئىجادىيىتى 1954 - يىلى باشلانغان.

«يەتتە قىزلىرىم» داستانى ئۇنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇنىڭدا 17 - ئەسىردە ئۈچتۇرپاندا يۈز بەرگەن تارىختا مەشھۇر دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە مۇشۇ قوزغىلاڭنىڭ قاتناشقۇچىلىرى بولغان 7 قىزنىڭ قەھرىمانلىقى بايان قىلىنغان.

FROM THE LIBRARY OF
EAST TURKISTAN NAT'L RESEARCH CENTER INC
GULAMETTIN PAHTA

[illegible] LIBRARY OF [illegible] GULAMETTIN [illegible]
[illegible]
CENTER INC

# مۇندەرىجە


| | |
|---|---|
| مۇقەددىمە | 1 |
| بىرىنچى باپ | 3 |
| ئىككىنچى باپ | 9 |
| ئۈچىنچى باپ | 14 |
| تۆتىنچى باپ | 17 |
| بەشىنچى باپ | 23 |
| ئالتىنچى باپ | 31 |
| يەتتىنچى باپ | 37 |
| سەككىزىنچى باپ | 44 |
| توققۇزىنچى باپ | 50 |
| ئونىنچى باپ | 56 |
| ئون بىرىنچى باپ | 63 |
| ئون ئىككىنچى باپ | 69 |
| ئون ئۈچىنچى باپ | 7[illegible] |
| ئون تۆتىنچى باپ | 84 |
| ئون بەشىنچى باپ | 90 |
| ئون ئالتىنچى باپ | 94 |
| ئون يەتتىنچى باپ | 100 |
| ئون سەككىزىنچى باپ | 104 |
| ئون توققۇزىنچى باپ | 108 |
| يىگىرمىنچى باپ | 111 |
| يىگىرمە بىرىنچى باپ | 115 |
| خاتىمە | 119 |

## مۇقەددىمە

بۇ دىياردا تۇغۇلۇپ چوڭ بوپتىمەن،
گاھىدا ئوڭ، گاھىدا توڭ بوپتىمەن.
توڭلۇغۇم - ياشلىقىم ھەم بەگۋاشلىقىم،
ئوڭلۇغۇم - ھىكمەت بىلەن سىرداشلىقىم.
باقسام ساناپ بىر كام قىرىقتۇر يېشىم،
ئاپپاق قىرو چىللاپتۇ قارا بېشىم.
ھەسسەم قانچە بۇ گۈل ماكان ھورمىتىگە،
ماڭا بەرگەن ئاق نېنى - شەربىتىگە؟!
پەرۋانىدەك ياشىدىم بۇ باغدىمەن،
بىراق قالدىم يارىلەر بىر داغدىمەن.
بۇ داغ دېمەك - ئىشقىنىڭ ئوت داغىدۇر،
(قۇربان بولغان يەتتە قىز پىراغىدۇر.)
چۇلغاپ ئالدى ئاجايىپ ئارمان مېنى،
بۇلبۇل قىلىپ سايراتتى ھەرئان مېنى.
ئەڭ جۇلالىق گۈللەرگە قوناي دەيمەن،
شۇ گۈللەرنى خەلقىمگە سۇناي دەيمەن.
«توققۇز بۇلاق» باغىدا يازاي دەيمەن،
تارىخ ئىچرە زەر ئالتۇن قازاي دەيمەن.

يەنە قىزلارنىڭ ھۆسنىنى كۆزەي دەيمەن.

— ھەمرا بولۇپ باغ ئارا يۈرەي دەيمەن.

كىتاپخانام ئەپسۇسكى تەلىم لادۇر،

كەچۈرگەيسىز قەلەمىم تېخى گادۇر.

## بىرىنچى باب

1

ئوڭ يېنىمغا كەلگىنە بۇلبۇل پەرى،
سول يېنىمغا كەلگىنە ھەي گۈل پەرى!
ئەي پەرىلەر قىل قوبۇل بۇيرۇغۇمنى،
ئەجەل قۇمى باسقىچە قۇيرۇغۇمنى.
سۆزنى باشلاي ئاۋال باش ھىكايىدىن،
يەتتە قىزنىڭ تۇغۇلغان ماكانىدىن.
بۇ قىزلىرىم ئەرشتە يۈرەر ئىمىش،
ئايدىڭ كېچە زېمىنغا* كېلەر ئىمىش.
«تونقۇز بۇلاق» سەيلىگاھ باغى ئىمىش،
مولجەر تاغ① ھەم سەيلىگاھ تاغى ئىمىش.
ئايدىڭ كېچە كول ئۈستى چىمەن - چىمەن،
ئەتراپىدا تاۋۇش بار شىۋىر - شىۋىر.
تونقۇز بۇلاق كولىدە ئۈزەمدىكىن،
يا ئاستىدىن ئۈنچىلەر سۈزەمدىكىن؟
شۇ پەيتىدە كائىنات ناۋاسى بار،
ناۋا بىرلە جور بولغان ساماسى بار.

---

① مولجەر تاغ — «تونقۇز بۇلاق»نىڭ يېنىدىكى تاغ

توشقان دەريا بىر ياندا نەزمە قىلىپ
ئۇياتقاندەك تولۇن ئاي پەردە تارتقان
خەندان ئۇزار تىيانشان قىيا بېقىپ،
تاماشىدا — ئاسمانغۇ گۈلخان يېقىپ.
نە بولۇر شۇ قىزلارنى كۆرۈپ ئالسام؟
جامالىغا قانغىچە تويۇپ ئالسام.

2

ۋىسال ئىزدەپ بىر كۈنى ئويغا پېتىپ —
كۆرۈپتىمەن ئۇ قىزلارنى، قالدىم قېتىپ.
ھەيھات! قارالىق باشىدا ئاچى رەۋىش،
يەتتىلىسى شەمشاتتەك، زەپمۇ لەۋەن.
جىمى ئەقلىم پەرىنىڭ باشى ئىكەن،
«توققۇز بۇلاق» سۇلىرى - ياشى ئىكەن.
قىيغان قەلەم قاشلىرى، چولپان كۆزى،
نۇرلىرىدىن يوغىسى تۈن كۈندۈزى.
سۇمبۇل مىسال چاچلىرى تال - تال كىلۇر،
ھەر بىرىنىڭ مەگزىدە بىر خال كۆلۈر،
كىرپىكلىرى ئوقيادەك ئويناپ كىلۇر،
ئىشقى - ئاتەش يۈرەكنى بويلاپ كىلۇر،
ئېغىزلىرى ئۈيماقتەك، لېۋى غۇنچە،
قايسى ئۇنچە قىزارغان زادى شۇنچە؟
كىنىزەكلەر ئارىدا سەپ - سەپ تۇرار.

ئۇ بۇ قىزلار شاھىغا بەزمە قۇرار.
ھىمشى ئاپپاق سەدەپتەك پار – پار كېلۇر،
بۇ پەرىنى سويگىلى مىڭ يار كېلۇر.
چۇچۇپقىنا ئويغانسام چۈشۈم ئىكەن،
قانات قاققان چەن ئارزۇ قۇشۇم ئىكەن.
شۇندىن بىرى ئاتلاندىم دىدار ئىزلەپ،
ئاھ ئۇرارمەن كوزلىرى خۇمار ئىزلەپ.

3

تونۇشابلى يەتتە قىز ئىسمى بىلەن،
گۈلگۈن رەڭلىك، يالقۇنلۇق جىسمى بىلەن.
قىز سەردارى مايسەخان تولۇن ئايدۇر،
بەستى چىنار، شوخلۇغى قولۇن تايدۇر.
لالە كىرپىك، كوزلىرى قارىقاتتۇر،
بۇ ماكاندا تېڭى يوق پەرىزاتتۇر.
چۇشىمدىكى پەرىنىڭ ئوزى شۇدۇر،
ئېغىزلىرى، لەۋلىرى، كوزى شۇدۇر.
ماڭسا – تۇرسا ھەمرادۇر ساۋاقداشلار،
ئوزى ئوخشاش سۇمبۇل چاچ، قەلەم قاشلار.
ئۇ راستىنلا ئوت يۇرەك شائىر قىزدۇر،
ئۇسسۇلغىمۇ ئاجايىپ ماھىر قىزدۇر.
بۇلبۇل پەرى ھاجىتىم چۈشتى ساڭا،
دىلىم چولتا، كوپ ياردەم بەرگىن ماڭا.

ناۋا قىلغىن مايسەمنى ئايلانغانچە،
تاپالمىدىم لايىق سۆز ئامال قانچە؟
ئاپتاپتىنمۇ ئالدىقتۇر مېھرى ئۇنىڭ،
ئالەمدىنمۇ كەڭرىدۇر زېھنى ئۇنىڭ.
يا جىسمىنى سۈت بىلەن يۇغۇرغانمۇ؟
يۈراغىنى باھاردا سۇغۇرغانمۇ؟

ئاينى ئادەم تۇغامدۇ بۇ جاھاندا،
ئاي يۈزىدە داغى بار ئاندا - ساندا.
شۇنچە كۆركەم يازار ئۇ ھۆسنى خەتنى،
خەتتاتلىقتا باغلىغاچ مۇھەببەتنى.
كۆرۈپ قالسا ۋەسلىنى شاھزادىلەر،
تائام يېمەي ئۆرگۈسى پەريادىلەر...
ئۈندىن قالسا دىلبەرنىڭ دىلى يۇمشاق،
خۇددى بۇلبۇل، شائىرە، تىلى يۇمشاق.
گۈلدىن گۈزەل ھۆسنىدە، دىلبەر ئاتلىق،
غەمكىن بۇلبۇل بىر كۆرسە ئاپار ئاتلىق
پەرىزاد كۆرسە شېرىننىڭ تۈزى دەرلەر،
ياقۇت كۆزلۈك ئۆزۈكنىڭ كۆزى دەرلەر.

× × ×

قىزلار ئىچرە غۇنچە قىز بىر جانانىدۇر،
كۆرۈپ قالسا ئاشىقلار باغرى قاندۇر،
ناخشا ئېيتسا زىمىننى زىل - زىل قىلۇر.

تۈمەنلىگەن بۇلبۇلنى خىجىل قىلۇر.

× × ×

باغدا بۇلبۇل سايرىماس گۈل بولسا.
گۈلدىن ئۈزلۈك گۈلچىراي قەمبەرنىسا.
بويى زىلۋا، قاشلىرى بەرگى قىياق،
ئۇسۇل ئۈچۈن باغلىغان ئۇ ئىشتىياق.

× × ×

يەتتە قىزنىڭ ئىچىدە زوھراسى بار،
جانىنى ئالۇر، قاشىنىڭ ئوقياسى بار.
مەڭزى قىزىل قەشقەرنىڭ ئانارىدەك.
جىسمى گۈلدۇر بەشكىرەم باھارىدەك.
چالسا تەمبۇر قاشىغا بۇلبۇل كېلۇر،
سەنەم تارتىپ ھەر قېتىم مىڭ گۈل كۈلۈر.

× × ×

قانداق تەسۋىر ئېتەيكىن گۈلايىمنى؟
ئۆزى خۇشخۇي، قوي كۆزلۈك، مۇلايىمنى،
شۇنچە نەپىس گۈل چېكەر كەشتىلەرگە.
چىقسا گۈلدەك كۆرۈنەر رەستىلەرگە.
خىجىل قىلۇر گۈللەرنى ۋەسلى ئۇنىڭ.
گۈلدىن ئۈزلۈك، گۈلمىكىن نەسلى ئۇنىڭ؟

× × ×

قۇياشمىكىن، ئايمىكىن ئەختەرنىسا؟
ئۇ قاراڭغۇ بولغۇسى ئۇ بولمىسا.
زېپ ياراشقان مەڭزىگە زىناقلىرى،
شامالدىمۇ ئېتىشكىتۇر ئاياقلىرى.
ئات ئۈستىدە كۆرسىتىپ ماھارەتنى،
ھەر يۈرەكتە ئۇرغىتار جاسارەتنى.
ئوقيا، قىلىچ، شەمشەردە مەشىق قىلۇر،
بۇزرۇن بولغان چەكلەرنى تەتقىق قىلۇر.

× × ×

تولدۇر ساقى قەدەھنى ھۆرمىتىمگە،
مەدەت بولسا كىپايە قۇربىتىمگە.
يەتمەك ئۈچۈن مۇرادقا بىر مەي ئىچەي،
داۋام قىلىپ داستاننى دەريا كېچەي.

# ئىككىنچى باپ

## 1

تونۇشايلى ئۈچتۇرپان — گۈلزار بىلەن،
قەھرىمانلار يېتىلگەن دىيار بىلەن.
بۇ قەدىم يۇرت ئەسلىدىن بىر گۈل ئىدى،
قۇشلىرى شىرىن سۆخەن بۇلبۇل ئىدى.
ئۇ بېشىدىن - بۇ بېشى ئوتلاق ئارال،
تاغلىرىدا كېيىكلەر، بۇغا - مارال.
يۇرتىنىڭ بېشى - ئوت بېشى ① تاغ باغرىدا.
ياز كۈنلىرى تاماشىشا باغ باغرىدا.
قىزىپ كېتەر قۇم بۆلۈك ② سەيلانىسى.
ئاكا شەيدا ئوت يۈرەك پەرۋانىسى.
ئاقيار ③ دېگەن ئاياغ يۇرت مىسلى لالە.
ئوتمەس كارۋان مەي ئىچمەي بىر پىيالە.

① ئوت بېشى - ئۈچتۇرپاننىڭ غەربىدىكى تاغلىق جاي.
② قۇم بۆلۈك - مەشھۇر قەدىم سەيلىگاھ.
③ ئاقيار - ئۈچتۇرپاننىڭ ئايىغىدىكى گۈزەل جاي.

يانى باھاردا چاپ تاغدا ① نورۇز بولۇر،
ئادەم توپى سانسىز يۇلتۇز بولۇر.
ئىزچې كېتەر كۆلەمدىن ئات بەيگىسى،
خۇددى شاھمات دولاندەك توپى مەركىسى،
مەزەر سالساڭ تۇمتۇرىيان تالتۈن ئاۋازى،
قارلىغاچ تاغ ② ئەزمىسى تاجى زاۋاق.
ئەرىم تونقان دەرياسى دېڭىزدەك كېلۇر،
ھەتتاك كۆزلى زۇمرەتكە رەڭداش كېلۇر.
زۇلۇپ ئاققاچ بۇ دەريا ئېتى «تونقان»،
دەريا بويى كېپىلار بىلەن تونقان.
ياۋ لەشكەرى يېزەكلىك كېچەلەمەستى،
«يامان» ③ دېگەن بىر سۆزۈم ئىچەلمەستى،
سىزۈك سۇلار چاراتدىن ئويناپ كېلۇر،
ئېتىن بۇزۇپ تاغلارنى بوپلاپ كېلۇر.
بۇ دىيارنىڭ كوركەمدۇر ئورمانلىرى،
شامال چىقسا يەلپۈنەر بوستانلىرى،
بەر تېگىدىن ئۈنۈپ‌ۈيدۇ بۇلاقلىرى،
ھەجەپ كۆركەم ئەتراپى — ھەر يانلىرى،
دول بولغاچقا بەيىدار ئوتلاقلىرى،
سېمىز كېلەر ئېلىقى — ئۆچكىلىرى،
ئېرىق ئۆستەڭ بويلىرى چىمەنزارلىق،

---

① چاپ تاغ — ھەر يىلى نورۇز بايرىمى بولىدىغان جاي.
② قارلىغاچ تاغ — مولجەر ئاتىلىق بىر قىسمى.
③ يامانسۇ — تونقان دەرياسىنىڭ ئەڭ بىر قىسمى.

خۇش ھاۋاسى، جۇلالىق ھەم ئىللىقى،
بىر يېنىدا ئېچىلسا رەيھان گۈلى،
بىر يېنىدا ئېچىلار يىچان گۈلى.
ئۈزۈك، ئالما، ئۈزۈمنىڭ سەرخىلى بار،
ياڭاق، شاپتۇل، ئەنجۈرنىڭ ھەرخىلى بار.
كىشى يەسە شېرىنىسى تىلنى يارار،
يىراقلاردىن مېھمانلار ئىزلەپ بارار.
راۋان يەنە شەھەردە سودا - سېتىق،
كەڭرى ئاشلىق ۋە يەنە ئاماق - قېتىق.

× × ×

بۇندا تاغلار ئالتۇنغا تولغان ئىكەن،
تا ئەزەلدىن تاماشات بولغان ئىكەن.
بىر زاماندا بۇ شەھەر "بەر - بەر" ئىكەن①،
كوچىلىرى قاشتېشى - مەرمەر ئىكەن.

2

يۇرت باشلىقى ئەلخان قەمبەر ئىدى،
ئىتتىپاقى ئەل بىلەن چەمبەر ئىدى.
مىجەزىدىن يامانلىق ھەم يات ئىدى،
خىزىر مىسال، پاشادىن بىر زات ئىدى.
گاھ - كۈنلىرى ئەلخان ئوۋغا چىقار،

① ئۇچتۇرپان بىر چاغدا شەھىرى بەر بەر دەپ ئاتالغان.

ئارقىسىدىن ئۇنلىغان دوغا چىقار،
قۇشلىرىنى سالاتتى چۇقان بىلەن،
ئاتلىرىمۇ باراۋەر بوران بىلەن.
مۇنداق تۇرمۇش ھەپتىدە تەكرار ئىدى،
ساداق تارتىپ ئاتقىنى ئوقيار ئىدى.
ئەلىم ئىزلەپ يۇرت كېزىپ باشتا ئۆزى،
پەرزەنت كورگەن ئەللىك بەش ياشتا ئۆزى.
ئوغۇز ئىدى بالىلىرى داموللىدا،
ئەلىم ئۇچۇن قىلاتتى جاننى پىدا.
يامان كوزدىن ھەزەر قىپ ئاسقان تۇمار،
ئوغۇللار گۇل، يالغۇز قىز كوزى خۇمار.
ئەتە - كەچتە ئۇگىنەر چامباشچىلىق،
چۇشەنەمەي دەر بەزىلەر «قۇنداق قىلىق»؟
قىلىچۋازلىق ھەركىتى قىزنىڭ ئىدى،
بەشنى قىلغان قوم خالتا قىرىق ئىدى.
بەگ ئاتالغان ئوغۇللار ئەل ئاغزىدا،
ناۋايىنىڭ نەزمىسى ئەل ئاغزىدا.
جامائەتنىڭ بالىغا ئىخلاسى بار،
ياخشى ئادەم بولۇر دەپ ئىنكاسى بار.
ئەسمەتۇللا - چوڭ ئوغۇل، پەھلىۋاندۇر،
رەھمەتۇللا - كىچىگى، ئەرسلاندۇر.
بويلىرىمۇ تەپ - تەكشى قىرقىغاندەك،
گۆھەر ئىچرە - گۆھەرنى ئىلغىغاندەك.
يىرتمۇ يۇرتتىن تاللانغان تەكتۇشلىرى.

چەرۋاز ئۇرار ياشلارنىڭ ھەس قۇشلىرى.
تۇزەم ئۇچۇن تەڭداشسىز مايسىخانى،
مىڭ تەسەددۇق ئۇ قىزغا ئۇنىڭ جانى.

× × ×

ساقى مەي سۇن گۈزەل يۇرت ھۆرمىتىگە،
تولسۇن جامىڭ مۇھەببەت شەربىتىگە.
مەس بولسامۇ بولايچۇ ئىچىپ - ئىچىپ،
يۇ دىيارنى ئۇلۇغلاي جاندىن كېچىپ.

# ئۈچىنچى باپ

1

كۈز ئاملى چىقماقتا ئىلدىرلىشىپ،
يوپۇرماقلار چۈشمەكتە پىلدىرلىشىپ.
ئەيلىمەكتە ئاسماندا قۇڭگۇر بۇلۇت.
نەلەرگىدۇر يوقالغان قوڭغۇز - قۇرۇت؟
ئۇ چاغ ساقىن، يېقىملىق كۈز ھاۋاسى،
ھەر تامادا قىزلارنىڭ بار ناۋاسى.
تۇزغا چىققان ئەلخان جاڭگال ئارا،
يېقىملاشتى ئاقمۇ بارا - بارا.
ھەر كۈنى شام، تولمشار چەندىر ئىزرۇپ،
قىشنى تاۋلار ھەممىسى سەھەر تۇرۇپ.
قوتانلىدا تەييار دۇر بەررى ئاۋۇپ،
شورپىسۇ بار ۋە يەنە سىمبۇر - راۋاپ.
يامانسۇ ①-دەپ يېزا بار تاققا يېقىن،
بوك باراقسان جاڭگاللىق، باققا يېقىن.

① يامانسۇ — ئۈچتورپاننىڭ تاغلىق يېزىسى.

قىرغىزىل - توشقان زەپ كۆپەيتۈر بۇ ماكاندا
يەلپىمىز بىلەن بورە يار ئاندا - مۇندا
گويا زۇمرەت بۇ يۈرتنىڭ بۇلاقلىرى،
يۇراپ تۇرار ھەرياندا شىۋاقلىرى.
بىر پادىچى كەلمەكتە يىراقلاردىن،
قوتازلارنى ھەيدىرىپ بۇلاقلاردىن،
كورۈنگەن بۇ، يايپەرەي قانداق نىمە؟
ياماسىۋدا بارمىدۇر ياكى دىۋە؟!
ھەيران بولدى تورەم بۇنگا يولۇققاندا،
مۇنداق ئادەم كورۈنمەس ئۈچتۇرپاندا.
دىدى تورەم: ئەي يىگىت ئىسمىڭ نىمە؟
ئەلى تورەم مەندۇرمەن، سەن ئەم يەنە
سەن ئۆزەڭنى بىرمۇ - بىر ئەيلە بايان
كورۈنمەستىن كوزۈمگە يۈرگەن قايان؟
دىدى يىگىت: تەقسىرىم، قاسىم ئىسمىم،
شۇ بۇ يىزىدا چوڭ بولغان مەن بىر يىتىم
دىدى تورەم: ھەي قاسىم ھالىڭ قانداق؟
بايان ئەيلە بىرمۇ - بىر زاتىڭ قانداق؟
دىدى قاسىم: يىگىرمە بولدى يېشىم،
قوتاز بېقىپ ئۆتتۈشتۇر كۈندە ئىشىم.
ئانا - ئاتام بارچىسى ئۆتتۈغانمەن.
شامەشرەپدەك غەزەلمۇ توقىغانمەن.
چاكار بولدۇم قۇلاردىن ئايرىلمىمەن.
ناكا بولدۇم قاسىدىم قايرىلمىمەن.

بەش يىل بولدى بىر بايغا بولدۇم مالاي،
شۇندىن بىرى مۇشەققەت چەكتىم نالاي،
ئەلىخان دەپ ئاڭلىغان نوزلىرىنى،
نىسىپ بوپتۇ كورمەككە يۈزلىرىنى.
قايسى دەرتنى تۆگىتەي سوزۇم بىلەن،
كورگۈنۈمنى ئاز ئەمەس كوزۇم بىلەن.
دىدى تورەم: يەتكەيسەن مىرادىڭغا.
كوزۇم چۈشتى شەمشاتتەك سىباقىڭغا.
قىنى كورەي نىمىكىنى تىز چالغىنا.
كوڭلىمىزنى خوش قىلغىن، بىر ئالغىنا!...
شۇندا قاسىم بەلدىكى نەينى ئالدى،
ھەۋەس بىلەن ناۋا قىپ راسا چالدى.
كەچكى شەپەق ئاڭلىدى سادالارنى،
مەيىن شامال باشلىدى سامالارنى.
جاراڭلىدى جاڭگاللار ئەجەپ ھەيۋەت،
قىتىپ قالدى ئۇۋچىلار مىسال سۈرەت.

× × ×

مەي سۇن ساقى ئىنساپقا ئىچەي بۇ رەت،
مۇھەببەتلىك ياشىغا كوچەي بۇ رەت.

# تۆتىنچى باپ

## 1

ئەنە شۇ ئەلەخان يېزىپ پەرمان،
بەرىپ دەرھال قاسىمغا كۈچ ۋە دەرمان.
شۇندىن سوڭ ئۇ ئوردىدىن ئورۇن ئالدى.
خوشلۇقىدىن ئېيىنى راسا چالدى.
ئەسمۇتوللا بەگ بىلەن رەخمەتوللا،
شۇ يىتىمغا كۆيۈنۈپ بولدى ھەمرا.
ياساندۇردى بەستىنى بەگلەرگە خاس،
ۋاھ! مۇنچىلا كېلىشكەن يىگىت بولامس!
كىيسە قاسىم ئەگەردە پولات ساۋۇت،
مىڭ ياۋنىمۇ چەكلەردە قىلۇر نابۇت.
ئۆگەنمەكتە تىرىشىپ تېخنىكىنى،
ئەپچىل شىلتىپ قىلىچ ۋە، نەيزىسىنى.
كۈچ سىنىشار گاھىدا مايسىخانىڭ،
ئالاقزادە شۇ مەنۇت قاسىمجانىمۇ.
چۈنكى قىزنىڭ ھەركىتى پەرۋانىدۇر،
نى - نى يىگىت تەڭ كېلەلمەي ئاۋارىدۇر،
گاھى قاسىم نەي بىلەن ماھارەتتە،
گاھى چاغدا يېقىملىق قىرائەتتە.

قىزلار بىلەن ئارىلاش يۈرگىنىدە،
ئاتەش يانار لاۋۇلداپ يۈرىگىدە،
كىملەر بىلسۇن ئاھ ئۇرۇپ يۈرگىنىنى،
كېچىلەردە شېرىن چۈش كۆرگىنىنى.
ئۆتتى چىداپ كۈيۈكىنىڭ دەرتلىرىگە،
تېزدىن نەزەر قەلبىنىڭ بەتلىرىگە.
كوز يۈمسىلا بۇ ئىشنى ئويلا – ئويلا،
باشلىنىدۇ باغچىدا قىزىق تويلا.
ئۈزى غەرىب، يار سەنەم يۈرەر باغدا.
گۈلزار ئارا سەيلىدە سەھەر چاغدا.
«توققۇز بۇلاق» باغلىرى ئەيلى جەننەت،
مەيدان ئۆزار پەرلەر تېرىپ شەربەت.
كۆلنىڭ ئۈستى رەڭلىنەر ئاسمان بىلەن،
ماڭار قاسىم قىرغاقتا جانان بىلەن.
چۈچۈپقىنا ئويغانسا شېرىن چۈشى،
ئاھ ئۈستىگە ئاھ ئۇرۇپ يوقتۇر ھوشى.
مۇنچاق – مۇنچاق ياش ئاقار چاناقلىرىدىن،
ئابى زەم – زەم چىققاندەك بۇلاقلىرىدىن.
بۇندا يېزىلەپ قىزچاق بار پەرىزاتتەك،
ئاھۇ كۆزلۈك سۆزلىرى قەن – ناۋاتتەك.
يېزىلەپ يىگىت چاك ئېتىپ ئاۋارىدۇر،
قاسىمجاننىڭ قايسى تىز چىن يارىدۇر؟

2

كاككۈك قونۇپ باغلاردا دەرەخلەرگە،
سۆزگۈنۈق سايراپ ئۆتى ياقتى يۈرەكلەرگە.
تىكشار قىزلار ياڭرىسا نەي ساداسى،
قاشىدىنۇ كوزىنىڭ زەر قاراسى.
يەتتى تاقەت چىكىگە قاسىمجاننىڭ،
ئوتى يانار ھەممىدىن مايسىخاننىڭ.
شۇنداق كۈزلەر بىردە – تۈن كېچىدە،
بىر مەقسەتتى ئويلىدى ئۆز ئىچىدە.
بەلگە باغلاپ سۆيگۈنىگە كەمىرىنى،
ئاسما قويۇپ ياندۇردى پەنەرنى.
قورقۇشىمىز ئەلەرگە تاشلىۋەتتى،
پەي قەلەمدە بىر نەزمە باشلىۋەتتى:

گۈلۈسەن، غۇنچەمۇسەن، پەرۋانە قىلدىڭ مېنى سەن،
سارغىيىپ بولدۇم سامان، پىغانى قىلدىڭ مېنى سەن.

تاپالمىدىم پەرۋاز ئۇرۇپ سەنچە گۈزەل رۇخسارنى،
يۈرىگىمگە ئوت يېقىپ مېڭ پارە قىلدىڭ مېنى سەن

بىر جاۋاب قويی كوڭلۈگۈم، بالدەك شىرىن راست سوزلۈگۈم،
زار جاھان سەنسىز ماڭا، بىگانە قىلدىڭ مېنى سەن.

ئالمىلىق باققا كىرىپ مەن ئۈزمىدىم بىر ئالمىنى،
ئاھ دىسەم ئاغزىمدا ئوت، گۈلخانە قىلدىڭ مېنى سەن.

با ئانام يوقتۇر مېنىڭ، ياكى ئاتام يوقتۇر مېنىڭ،
ئىشىق ئوتىنى ياندۇرۇپ، مەردانە قىلدىڭ مېنى سەن.

ـوق ئىلاج يازدىم سالام، يازماي دىسەم باغرىم كاۋاپ،
سۆيگىلى ئۆمرۈم بويى خۇمارە قىلدىڭ مېنى سەن.

يېزىپ قاسىم نەزمىنى خۇشخەت بىلەن،
تەكرار ئوقۇپ قاتلىدى ھۆرمەت بىلەن.
مايسىخانغا بەرمىگى مۈشكۈل ئىدى،
قانداق قىلسام بۇلار دەپ كوپ غەم يىدى.
ئاخىر تاللاپ ئەلچىگە گۈلايىمنى،
ئۆزى خۇشخۇي، قوي كوزلۇك مۆلايىمنى.
شۇ مەكتۇپنى مايسەمگە بېرىڭ دىدى،
مەخپى خەتتۇر ئېھتىيات قىلىڭ، ھەدى.
خەتنى ئېلىپ خوش بولۇپ گۈلايىم قىز،
(ئېلىپ ماڭدى مايسەمگە، مۇلايىم قىز).
تاڭلا كېچە مايسىخان چەكتى ئەلەم،
كوزياش قىلىپ تىرلىغا ئالدى قەلەم.
باشلىۋەتتى نەزمىنىڭ جاۋاۋىنى،
ئالار بولدى يىتىمنىڭ ساۋاۋىنى:

«تەڭرىگە يەتكەنمىكىن ئاھىم مېنىڭ ـ زارىم مېنىڭ.
قالمىغاي ئارمانلىرىم بولساڭ ئەگەر يارىم مېنىڭ.

ئەي يىگىت، پالۋان يىگىت جىسمىڭ سېنىڭ ئوت تاغمۇ؟
تەنىدە ئىشقى ئوتۇڭ ھېچ قالمىدى ھالىم مېنىڭ.

سارغىيىپ كەتكەنلىگىڭ كۆپتىن بېرى مەلۇم ئىدى،
ئوق دولۇپ تەككەن ئۈچۈن مەگزىدىكى خالىم مېنىڭ.

سەن تۇرۇپ لازىم ئەمەس ماڭا ئەغنىيار شاھزادىلەر،
بىر ساڭا پەيۋەندىدۇر ـ جىسمىم مېنىڭ، جانىم مېنىڭ.

سەن ئاتامدىن غەم يېمە ۋە يا ئانامدىن غەم يېمە،
گەر سېنى يار قىلمىسام دەل ئۆچكەسى شامىم مېنىڭ.

سەن كېبى پەرھادىنىڭ بولسام شىرىندەك مەشۇقى،
تارقىغاي ئالەم ئارا نامىم مېنىڭ ـ شانىم مېنىڭ ...»

كۆرمىگەندۇر مايسىگۈل مۇنداق كېچە،
زار قاقشىدى مىڭ ئۆلۈپ تاڭ ئاتقىچە.
قولاق تۈۋى چاراڭلاپ نەي ساداسى،
بولدى گۈلخان كۆزىنىڭ زەر قاراسى.
تاڭ سەھەردە چاقىرىپ گۈلەيىمنى،
يەتكۈز دىدى قاسىمغا سۆددىئايىمنى...

× × ×

جۈزى قەدەھنى پەيتىدە ئۆزى ساقى،
ئازات تاپسۇن ئاشىقلار ئىشتىياقى.
يىراق، سادى، ھاياتنىڭ داۋاسى بار،
ئەزەلدىنلا ياخشىنىڭ يامانى بار.

## بەشىنچى باپ

1

تىنچلىك ئاسمان ئاچمايسەن چىرايىڭنى،
بايان ئەيلە، ئۇڭلايچۇ مۇددىئايىڭنى.
ۋە يا غەمگە پىر باشتىن چۆكەي دەمسەن،
ۋە يا ياشنى مولدۇردەك توكەي دەمسەن؟
تىز بەر جاۋاپ دەردىڭگە داۋا بىرگىمۇ،
ئوزەڭ سۆيگەن يىقىلىق ناۋا يوقمۇ؟
شۇناپ كوكلۇم مېنىڭمۇ پەرىشاندۇر،
تورەم ئۇچۇن قايغۇرۇپ كوزۇم قاندۇر،
ئەلى تورەم يىرىم يىل يىتىپ قالدى،
بارغانسىرى يۇرت قولى قىتىپ قالدى.
داۋالىدى نەچچە ئون تىۋىپ ـ دوختۇر،
شۇندىقتىمۇ ساقلىغى يەنە يىراقتۇر.
سىقىپ بەردى قەشتەرنىڭ ئانارىنى،
باسالمىدى كېسەلنىڭ ئازاۋىنى.
نىنىم تاپماي مايسىگۇل يەلپۈپ تۇرار،
كوزى ياشتا، يۈزىگە ئوكسۈپ تۇرار.
گاھى چىشلەر ئەنىمدىن ئۆز لىۋىنى،
دادىسىغا دىيەلمەي ئىچ سىرىنى.

كۆيمەيدىكەن كۆڭۈللىرى يوقالغانلار.
ھېچ قالمىدى بۇ ئىشنى ئۇققمىغانلار.
ئېلىپ كەلدى بەزىلەر دارى - دەرمەك.
بەزى بىرلەر كەچكىچە بولدى ئەرمەك.
بەزى بىرلەر باش ئېگىپ بەرسە سالام.
بەزى بىرلەر ياش توكتى تارام - تارام.
چىقمىغاندۇر بۇ يۈرەكتىن مۇنداق كىشى،
سېزيەر ئىدى ئەزەلدىن قىرى - يېشى.
چۈنكى تورەم ياقتۇرماس يالغانچىنى.
قىرانبەت، پىتنىخور، سۇخەنچىنى.
ياقتۇرمايتتى ئۆزگىنى كۆرەلمەسنى.
ئۇ نەپسىگە چوغ تارتقان زىددى پەسنى.
ياقتۇرمايتتى بەتنىيەت قىلتاقچىنى.
ئەدەپلەيتتى ھىلىگەر يالاقچىنى.
سېزيەر ئىدى مەردانىم مەرپەتنى،
مەرپەتتىن ئىزلەيتتى ئادالەتنى...
يىغلاپ كىردى قاسىمجان بىر كۈن سەھەر،
ئۆزۈپ قالدى بىر ھازا بۇتتىن بەتەر.
چۈنكى ئۇنىڭ زەردىپتۇر شۇندا دىلى.
سوزلەشكىمۇ يار بەرمەس بۇلبۇل تىلى.
ئالى تورەم بېشىدا بىر توپ كىشى،
ياش توكۈشتىن ئۆزگىچە يوق قىلمىشى.
بالا - چاقا دوستلىرى تۇرار رەت - رەت،
ئىخلاس بىلەن شۇ زاتقا قىلىپ ھۆرمەت.

ئازايغاندا بۇ كۆڭلى كېلىم- كېتىم،
غەزمە قىلدى قاسىمۇ ئاخىر قېتىم:

«جان ئاتا - جانىم ئاتا ئېلىڭگە باش پاك ئەردىڭ،
تۈل جوتۇن، يېتىم ئوغۇلنىڭ دەردىگە داۋا ئەردىڭ.

قوللىنىپ ئادالەتنى، سۆيەتتىڭ سەن مەردىمەننى،
خۇددى بىر ئالىم سۆيەت بىلىمگە ئەغىنا ئەردىڭ.

ئاھ ئۆرۈپ دەرتمەن كىشى كەلسە زامانىدىن زارلىنىپ،
دەل يېتىپ سەن ھالىغا، ياراسىغا شىپا ئەردىڭ.

كىمدە - كىم چىقسا ئەگەر ئەل بەختىگە جەددال بولۇپ،
دەس تۇرۇپ قەھرىڭ بىلەن ھەم باغرىنى يارار ئەردىڭ.

سەن بىلەن شادىمان ئىدى قىز ھەم ئوغۇل پاكىزلىرىڭ،
كەشپىيات قىلسا ئۇلار مىڭ مەرتىۋە زىيا ئەردىڭ.»

مۇڭلۇغانمۇ قاسىمنىڭ يۈرەكلىرى،
تامام بولدى ئالقىشى - تىلەكلىرى،
شۇ چاغ تورەم غىل - پاللا ئېچىپ كۆزنى،
بايان قىلدى بەك ئاستا شۇ بۇ سۆزنى:

دېدى بالام، قاسىم جانىم، ھەردايىما مەردانى بول،
ئەل ئۈچۈن جانىدىن كېچەر ئوناۋق يۈرەك پەرۋانى بول.

ئەگمە باش ئەجدارغىمۇ، چەتۈر تۈنى ماك پارە قىل-
تۈل خوتۇن - يېتىم ئۈنتۈلمەس يارى بول، غەمخانى بول.

دەرت چېكىپ كەلسە بىرى، باغلاپ قىرىق يار ئالدىغا.
دەردىگە دەرمان بولۇپ، ئەلنى چىراي، دىلدارى بول-

ئەل يىغلاپ - يەنمۇ خاراپ، گۈل ئەيلىگەن ئەل قەلبىنى،
ئەل سىنى ياد ئەيلىگەي، جەڭلەر ئارا قۇربانى بول.

ساتمىغىن ۋىجدانىنى سەن، ۋىجدان دېگەن ھۆرمەت ساڭا-
ئەترى بول، شەمشادى بول، ئەل قەلبىدە رەيھانى بول...»

ئەلى تورەم نەزمىنى تامام قىلدى.
قاسىم يەنە بىر نۆۋەت سالام قىلدى.

2

ئەلى تورەم تاڭ سەھەر كىيدى لىباس.
يا بولدىمۇ كېسەللى تەندىن خالاس؟
ئەمكى دىللار بىردەمدە بولدى باھار،
ئاچتى چىراي ئايتىدىن ئۇشبۇ دىيار.
چاچ - ساقالنى ئالدۇردى ھەم - پەش دەمەي-
قانداق بولا يۇرسە ئۇ ئاتام يىمەي؟!

ئىككى ئوغلى ئالدىدا كۈتەر جاۋاپ.
بۇندىن بۇرۇن بىراغانتى باغرى كاۋاپ.
ئۇتاپ تۇرەم بىر ئۇزۇن قىلدى دۇئا:
«ئوزەڭ ساقلا بالادىن قادىر خۇدا....»
قىلدى تورەم ئۇلارغا بىر نەسىھەت،
نەسىھەتكىم مەزمۇنى گويا شەربەت:

بار ئىكەنۇ — يوق ئىكەن،
ئاچ ئىكەنۇ — توق ئىكەن.
ئوتكەن ئىكەن بىر بوۋاي،
ئىككى ئوغلى شوخ ئىكەن.

تومۇر ئېتى ھېرىپتۇ.
بوۋاي راسا قېرىپتۇ.
باللارنى چاقىرىپ،
بىر نەسىھەت بېرىپتۇ.
ئون تايانى جۇپلاپتۇ،
تون — بەش يەردىن باغلاپتۇ.
مۇنداق ئىشنىڭ سىرىنى،
باللارمۇ ئۇقماپتۇ.
سۇندۇر دىسە چوكىنى.
بىلمەي ئىشنىڭ ئۇچىنى،
خېلى ئۇزۇن ئېيىشىپ،
يارا قىپتۇ قولىنى.
كىچىك ئوغلى بېرىلىپ،
تازا كۆچەپ كېرىلىپ.

چىققالغاندا يۈرىكى —
كېتەي دەپتۇ يېرىلىپ.
ھەر ئىككىسى تۇرۇپتۇ،
ئۇسساپ ئېغىزى قۇرۇپتۇ.
ئاپپاق ساقال بوۋايمۇ،
پەسكىدە كۆلۈپتۇ.

بەرلىكپتۇ سۇنۇپتۇ،
بەرلىك كۈچىنى تونۇپتۇ.
ھايالدىماي بوۋايمۇ،
كۆزلىرىنى يۇمۇپتۇ...

ۋەزنى ئېغىر ھىكايە بولدى تامام،
ئەمدى تورەم سوزنى قىلدى داۋام:
بىرلىشىڭلار باللىرىم ئاخىر — ئەبەد.
ئىنسان ئۈچۈن قىممەتتۇر مۇنداق سۈپەت.
گەر كۆرۈلسە سىلەردە كەيپى — ساپا،
خالايىقمۇ قىلىدۇ تەنە — تاپا.
بېرىلمەڭلار ھېچ قاچان خۇشامەتكە،
خۇشامەتچى باشلايدۇ جىنايەتكە.
ئىلىم ئەھلى ھېچ قاچان خار بولمىسۇن،
ئۇلار ئۈچۈن بۇ جاھان تار بولمىسۇن.
ئەلنى خاراپ قىلمىسۇن ئالۋاڭ — سېلىق،
خەلق دەريا باللىرىم، بىز بىر بېلىق.
خېلى جىقلا بار ئىدى سوزۇم مېنىڭ،
كەلدى ئۇيقۇ يۇمۇلسۇن كوزۇم مېنىڭ.

ئاخىرىدا بىر كېچىسى ئامانەتتۇر:
ھايسە گۈلۈم شۇ تاپتا خىجالەتتۇر.
ئاتاڭلارغا ئېيتىپتۇ ئىچ سىرىنى،
ئىككى غۇنچە خالاپتۇ بىر - بىرىنى.
چوقۇم يەتسۇن ئاشىقلار مۇرادىغا.
بۇ سەپىمەڭلار ئۇلارنىڭ خىيالىغا...

بۇندا تۇرەم بىردىنلا يۇمدى كۆزىنى.
ئىلان ئۆزى قاپلىدى يورۇق يۈزىنى.
مەكلاپ كىشى ھوكۇرەپ توكتى ياشىنى.
ياغاز ياتلار، ئاتالار ئەگدى باشىنى،
خەۋەرچىلەر ئاتلاندى تۆشمۇ - تۆشقا،
ھەركەتلەرى ئوخشايتتى گويا قوشقا.
ئادەم توپى دەمدىلا دېڭىز بولدى،
جانسىز كۆزلەر ياشلىدىن قانغا تولدى.
خاق ياغلىدى بىلىكە ھەممە كىشى،
ھۆشسىزلىنىپ گاھىلار، قايدى بېشى،
كەڭرى بولدى بوغوتلۇكى نەرەر - نەياز،
ناقۇتسىز سىيىلدى چوڭ جەينامار.
مەككلاپ كىشى تەلپۈندى جىنازىغا،
قۇرىنىت قىلىپ مەرھۇمنىڭ توپرازىغا.
ئۇر بىرتالدى بۇ تاۋۇت ساقلاپ ئۈچۈن،
دامىي ئۆزەر ياتلاندى تاۋاپ ئۈچۈن.
سەپ ئالدىدا ئىككى يىگىت پەرۋانىدۇر،
يەرىيان قىلىپ، ئاھ ئۇرۇپ ساردانىدۇر.

مىڭلاپ كىشى يېتەلمەي جىنازىغا،
قول ئۇزىتىپ ئېسىلدى ئارغامچىغا.
كەتتى تەۋرەپ ھازىدىن زېمىن - ئاسمان،
چەكتى ئازاپ ئالەمچە مايسەم جانان!

× × ×

سۆيگەن ساقى شارابىڭنى دەرتلىرىمگە،
ئاجىز كەلدى بۇ قەلەم بەتلىرىمگە.
كېتەي دىدىم مەنمۇ ھەم مادارىمدىن،
ئايرىلغاندەك مېھرىۋان نىگارىمدىن.

## ئالتىنچى باپ

**1**

ۋەزىپىدىن كەچ ئاچتىم كىتاپخانىم،
كەچۈرگەيسىز كەم بولسا بۇ بايانىم.
دىمەك بۇ چاغ چەنلۇڭ خان — چوڭ خان ئىدى،
ئېلىيىلغان يوقسۇللار سەرسان ئىدى.
ياش ئورنىغا ئاققىنى ھەم قان ئىدى،
گاھ بىرلىرى ئاھ ئۇرۇپ نىمجان ئىدى.
كەتمەن چاپقان — ئاچلىقتىن ئۆلەر ئىدى،
ئوڭدا يانغان — ۋىلىقلاپ كۈلەر ئىدى.
قاڭقىر ناقشاپ يۈرەتتى ئەل بىچارى،
نە ئەيلەسۇن، يۈرىگى پارى - پارى؟!
باي تەرەپتە تۇراتتى ئەمەلدارلار،
قىلىچە دىرلىق كىرمەيتتى پۇلى بارلار،
ئىنساپ - تۇۋپىق قالمىغاچ ھۆكۈمەتتە،
ھەم ئادىللىق بولمىغاچ شەرىئەتتە؛
كۆڭلى تۈگدى ھەر جايدا چىقىمچىنىڭ،
ھالى خاراپ تۇل - خوتۇن، يېتىمچىنىڭ.
كۆڭلى تۈگدى ھېلىگەر قىلتاقچىنىڭ،
تۆك ئۈندۈرگەن تۇخۇمدىن بوياقچىنىڭ.

كۈنى تۇغدى ۋىجدانسىز يالاقچىنىڭ،
ماراقچىنىڭ، قانىلىنىڭ، قاراقچىنىڭ.
كۈنى تۇغدى نۇمۇسنى ساتقانلىنىڭ.
بوك ئال دېسە بېشىنى قاتقانلىنىڭ.
كۈنى تۇغدى تەخسكەش نامەرتلىنىڭ،
نەپسى بالا - تويمىغۇر ئاپەتلىنىڭ.

كۆچەپ كەتتى ئاجايىپ ئالۋاڭ - سېلىق،
بۇندىن خالى كوكتە قۇش، سۇدا بېلىق.
بىرى كەلگەن توخۇ دەپ ۋالاق - ۋالاق،
بىرى كەلگەن تۇخۇم دەپ پالاق - پالاق
بىرى كەلگەن ئوتۇن دەپ، ياكى سامان،
ئەمەلدارنىڭ بىرىدىن - بىرى يامان.
ساناپ كەلسە سانى يوق يۈزلەرنىڭ.
بەش كۈندىلا چەمى يوق ئۆتكەلەرنىڭ.
پۈتۈك دېمەك باج دېمەك ھەر جانغا باج.
ئاران تېپىپ يەي دېگەن بىر نانغا باج.
ئېلىپ كەلگەن جاڭگالدىن ئوتۇنغا باج.
ھەتتا چىققان موراڭدىن تۈتۈنگە باج.
يانا ياپقان ملڭ توشۈك ئۆيۈڭگە باج،
ھەتتا ئىچكەن بىر يۇتۇم سۈيۈڭگە باج.
دېمەك چەكلۈك زامانى — دەھشەت زامان،
يەپ تويمايدۇ چىل بۆرى - توڭگۇز قاۋان.
غىدىلڭ - پىدىلڭ قىلسا كىم ئالار بېشى،
كىملەر كورگەن دۇنيادا باغرى [illegible]؟

ئەلى تورەم ئالەمدىن ئۆتكىنىدە،
ئەلمۇ ئادىل بىر باشنى كۆزلىگەندە.
ھەركەت قىلدى شۇ يەرلىك ئەمەلدارلار،
مىڭروي① گىمۇ يىلىندى پۇلى بارلار.
بۇندا مەقسەت بەگ بولماق ئۆز چۈتۈرپانە.
ئىسكەنجىنى ھەم سالماق گۆل ماكانغا
سوز تاشلىماق ھەتتاكى مايسىخانىغا.
قىلتاق سالماق شۇ بۇلبۇل باغرى دىغا.
بۇنىڭ بىرى ساۋۇت بەگ — ئوت يېشىدىن
ياش بەگلەرمۇ خەۋەرسىز قالمىشىدىن.
بەندە بىرى ئاقىيارنىڭ شىرىپ بېگى،
باردۇر بۇنىڭ ھېلىدىن كوپ ئەمەلگى.
تورەم بارچاغ بۇ بەگلەر بىلەم — جەھت ئەيدى،
ئېپى كەلسە قىماردا جەھت ئەيدى②.
يىراقلاردىن كېلەتتى تازىر قىلىپ،
قولنى باغلاپ باشنى يەرگە سېلىپ.
گىمادىڭلىتىپ تۇلكىدەك دۇيرۇغىنى،
كۆتەر ئىدى تورەمنىڭ يۈزىرغىنى.
لېكىن تورەم بەرمەيتتى ئىچ سىرىنى.

① مىڭروي — چەنلۇڭخاننىڭ ئىلىدىكى باش ئەمەلدارى.
② جەھەت — رىۋايەتلەردە قىمارۋازلارنىڭ پىرى دىيىلىدۇ.

ھەزەر بىلەن تاشلايتتى كوز قىرىنى.
گاھ تارتاتتى ئۇلارنىڭ تاناۋىنى،
رەھمە قىلماي سوكەتتى نىقاۋىنى.
ئەمدى ئۇلار بىرلەشتى سۈچىلىك[1] بىلەن،
كېچىلىرى ئۇخلىماي تاڭ ـ نىڭ بىلەن.
لېكىن سۈچىلىك قورقاتتى ئەلخاندىن.
مۇشكۈل ئىدى نەپ ئالماق ئۇچتۇرپاندىن.
ئاغزى غىرىچ بولاتتى تورەم دېسە،
سەزمەي قالدى تورەممۇ جورەم دېسە.
ئەمدى ئۇنىڭ ئاجايىپ پىلانى بار،
بىر قىز سۇنماق چەنلۇڭغا ئارمانى بار.
بۇ قىز بەلكى بولغۇسى ئۇيغۇر قىزى،
تولۇن ئايدىن چىرايلىق چولپان كوزى.

3

ئىشقا چۈشتى شىرىپ بەگ ساۋۇت بىلەن،
يۇرتنى كېزەر مىرزىسى داۋۇت بىلەن.
ياللىماقچى چەنلۇڭغا بىر گۈزەلنى،
نىشانلىدى ئاقباردىن زۇلھەسەلنى.
گۈلھەسەلدىن گۈلدىمۇ رەڭلىك ئىدى.
تولۇن ئايمۇ ھېسىنگە تەڭلىك ئىدى.
بىر پەرىكى تۈل خوتۇن ھويلاسىدا،

(1) سۈچىلىك ـ چەنلۇڭ خانىنىڭ ئۇچتۇرپاندىكى ئامبىلى.

تەڭدىشى كەم ئادەمى دۇنياسىدا.
چىرايلىرى ئەينەكتىن سۈزۈك ئىدى،
مەڭزى قىزىل، ياقۇت كۆز ئۈزۈك ئىدى.
جادۇ كىرپىك، چاچلىرى سۇمبۇل ئىدى.
چىنار بويلۇق، خوش ئاۋاز بۇلبۇل ئىدى
قىز ۋەسلىنى بۇ بەگلەر داڭلىغاندا.
ھەيران قالدى سۆچىڭمۇ ئاڭلىغاندا.
كۆمۈش بەردى بىر تەخسە ھەر بىرىگە،
قەدەھ سۇندى ۋە يەنە ھۆرمىتىگە.
دېدى يەنە: بەگلىرىم رازىدۇر مەن،
كۆڭۈللەرنى ھەر زامان ئاللادۇرمەن.
سىلەر ئۈچۈن شان - شەرەپ خىزمەت ئاماق،
ئاندىن شەرەپ پىقىرنى ئىززەت قاماق.
ئاتىسىغا ئىز باستى ئەسمەتۇللا،
ئاڭا ياندىپ يۈرمەكتە رەھمەتۇللا.
چۈنكى ئۇلار بۇ يۇرتتا ئىناۋەتلىك.
زىيان بىزگە ئىش بىلسە ئاداۋەتلىك.
ئېھتىياتچان بولۇڭلار ھەممە ئىشتا،
يەم بولمىسا بولمايدۇ ھەم چىلىشتا.
دېدى بەگلەر: مىلك رەھمەت ئامبال سىزگە،
كۆپ ئىنئانە بەردىڭىز ئىككەمىزگە.
خىزمەت بولسا قىلارمىز بۇندىن كېيىن،
تاغ يىتكىشىمۇ بىز ئۈچۈن ئەمەس قېيىن،
دېدى سۆچىلىك: يوقكەش نەس گۇناھسالى،

ئەسمەتۆل بەگ ماكدۆرماس بۆ گۆزدانی،
دەدی بەگلەر: ئۆیەنۆ باپلاتی كىرەلە.
گەزی كەلسە پەم بەلەن ئاڵادانی كىرەلە.

× × ×

قادەمە تۆتقەل ساقیا ئۆلهەسەلگە.
بەختی قارا بەتەلەي بۆ گۆزەلـگە.

## يەتتىنچى باب

I

سۈتتەك ئايدىڭ ئاخشىمى كۆز يەسلىدە،
شىۋىرلاشقان ئىككى ياش كىم ئەسلىدە.
قۇلاق سېلىپ گىيالار جىمجىت تۇرار،
بۇندا ئىقلىم شۇ تاپتا رەيھان بۇرار.
ئېچىۋېتىپ تولۇن ئاي يۈزلىرىنى،
ئاڭلاپ تۇردى ئاشىقلار سۆزلىرىنى.
بولسا ئىدى شۇ ئاينىڭ ئۇنالغۇسى،
ھەم بولمىسا شۇ پەيتتە تۇسالغۇسى.
«رەيھانەم سىز، لەيلىدەك مايسا گۈلۈم.
پەرىزاتنىڭ سەردارى سىز بۇلبۇلۇم.
ئىشقىڭىزدا كۆپ بولدى مەن كۆيگىلى،
ئاللا نېسىپ قىلارمۇ بىر سۆيگىلى.
يارەي - يارەي ئا يارەي،
ئۇزۇڭ ئەجەپ يامانەي.
مۇرادىمغا يېتەلمەي،
بولدى رەڭگىم سامانەي.
يارەي - يارەي ئا يارەي،
دوزاق ئەلگە جاھانەي.

كېلەمدىكىن خەلقىمگە،
بىزندىن يامان زامانەي؟...»
داۋام ئېتەر قاسىمجان نەزمىسىنى.
باشلىۋەتتى يۇلتۇزلار بەزمىسىنى.
چىقتى سادا مايسىخان لەۋلىرىدىن،
ئايمۇ شۇندان توختىدى سەيرىدىن:
«ئەجەپ ئويدۇم قاسىمجان بەستىڭىزگە،
مىسال شەمشاد سۆيۈملۈك قەددىڭىزگە.
ئۆرگۈلۈپ ھەم چۆرگۈلۈپ كېتەلەيمەن.
سىزنى سۆيمەي ئارزۇغا يېتەلمەيمەن.
مەن كۆرمىدىم سىز كەبى پالۋان يىگىت،
يۈزى ئايدەك، كۆزلىرى چولپان يىگىت.
راستىنى دېسەم چىشىڭىز گۈلخان يىگىت،
پەقەت جېنىم سىز ئۈچۈن قۇربان، يىگىت!
گۈل چىرايىم سارغايدى،
ئەشىقىنىڭ بالاسىدا،
ئاتايمۇ سېنى يارىم،
كۆزۈمنىڭ قاراسىدا.
جانانىم سەن، جانانىم سەن،
چېمەندا گۈلزارىم سەن.
مېھرى ئىشىق ماگەندەك،
كۆڭلۈم سۆيگەن يارىم سەن...»
مۇندان سوھبەت بولغاندۇر نەچچە كېچە،
گاھى كۈنى ھەتتاكى تاڭ ئاتقىچە.

. ئىككى گەۋدە شۇ تاپتا بەكمۇ يېقىن،
ـزىگۇ مېھرى يۈرەكتە بولدى ئېقىن.
ئەمەل قىلدى ياش بەگلەر ۋەسىيەتكە،
ـسۇ سەپىپدى شۇ قىزغىن مۇھەببەتكە.
گىرەلەشتى نەچچە رەت بارماقلىرى،
ئازمۇ قالدى ..ۈيگۈنىڭ پالداقلىرى.
بىلمۇ تولسا شۇ تورەم ۋاپاتىغا،
ـستەر ئىدى ئاشىقلار مۇرادىغا.
ـېكىن خەلق نېمىچە مۇسىبەتتە،
ـورەم قاراپ تۇرغاندەك ئاخىرەتتە.
ئىككى ئاشىق گۈللۈكتىن بولدى غايىپ،
چاچار ئىدى تولۇن ئاي نۇر ئاجايىپ...

2

ـسۆچەك بىردىن چىقاردى مۇڭگۈزىنى.
ئەينى دوراپ باياۋان توڭگۈزىنى.
ئـەكەنچىنى بىر - بىرلەپ قورۇپ تۇردى
بۇ بىزنىڭ بايلىغىنى سورۇپ تۇردى.
قىزىلداق چاغدا مەگرۇبنىڭ خېتى كەلدى.
يېرلىك بەگكە ئابدۇللا ئېتى كەلدى.
ئەنجىلىكمىش بۇ كىشى ھوكۈمەتكە،
ھەم تېپىپمىش ھەر قانچە جامائەتكە.

3

بولمىسمۇ بۇ يۇرتتا ھېيت - بايرام،
شاھەر ئىچى ئۇ تاپتا ئەجەب قاينام.
گۈمبۈرلىگەن خۇددى ئۇ گۈم - گۈم قىلىپ،
بەزلەرنىڭ كۆڭلىنى غەمگە سېلىپ.
كەلگۈدەكمىش باش بولۇپ ئالىم كىشى،
دىن جەھەتتە يېتىشكەن، قارىم كىشى.
قۇرۇپ يالغۇز - ئۇرۇككە بارگاھىنى،
شەھەر خەلقى كۈتەرمىش ئۇ قارىنى.
بىردەمدىلا تارالدى رىۋايەتلەر.
سەپ - سەپ بولدى زەپ ھەيۋەت جامائەتلەر.
چىقمىش يولغۇ ئۇ زامان ئەگرى - دوگاي.
ياڭراپ كەتتى داپ - دۇمباق، ناغرا - سۇناي.
ئەمەلدارلار ئاتلانغان سەپتە قاتار،
بەزى بىرلە خۇشاللىقتىن چالغان دۇتار.
يىگىت - قىزلار سامادا پىلدىرلىشىپ،
سوزۇن ماقامنى ماھىر چالدۇرلىشىپ.
ئېيتى چالغان بىر ناغرا قاسىمجانمۇ،
ئويناپ كەتتى ئاجايىپ مايسىمانلارۇ.
بۈگۈن سۆيۈنچلىك زەپ خۇشال سەپ باشىدا،
ئەسمەتۇل، ھەم رەھمەتۇل بار قاشىدا،
چۈشتىن بۇرۇن دولجەرگە بارغى يېتىپ

جەزىلەردە قالغانتى دەرمان كېتىپ.
يۈزىدا باردۇر ئاجايىپ سوگەت بوستان.
سايىسىدا كوزۈنمەس ھەتتا ئاسمان.
زاماچا - گىلەم سېلىنىپ ئەشۇ يەرگە.
باشلىۋەتتى بۈبەردە بايرام - مەرىكە
چېرىكلەرمۇ ساقلىدى ئامانلىقنى.
بۇ جامائەت قالمايتتى يامانلىقنى.
قۇرۇلدى ھەم بىردەمدە ئاشپۇزۇللار.
يېيىتۇپ كەتتى ھەممە ئىش قولمۇ - قوللار.
خەۋەر تۇچۇن ئاتلاندى ئىككى دوغا.
بىر بىدىنمۇ - بىرىنىڭ ئېتى يورغا.
ئىلقىش دوڭگە كېلىپتۇ مېھمان كىشى.
ئەنە مېھمان، شۇ يۇرتنىڭ بولۇر بېشى.
چائق تورۇتۇپ كېلەرمىش ھەيۋەت بىلەن.
ئابدۇللابەگ ھەممىدىن ھورمەت بىلەن.
ئولۇق يېنىدا يۈز لەشكەريالار ئىمىش،
سول يېنىغا يۈز لەشكەر تالار ئىمىش.
ھەم كېلەرمىش بەنلىشىپ ئوقيارىنى،
مىزى بىرلەر چالارمىش دۇتا ىنى.
تورپۇنچىسى مىنگەنمىش يوغان ئاتقا.
باشى ئىگەرمىش ھەممىسى شۇ بوزاتقا.
يۈزنى كويگەن توخۇدەك سۇچىلىك شۇ تاپ،
ۋالاقلىدى تۇكچىغا ھەم پۈشۈلداپ.
ھاجىجە قوبنىڭ گوشلىرى پىشاي دىدى،

قازانلارمۇ ۋاراقلاپ تاشاي دىدى.
كۆرۈنگەن چاغ شۇ توپىنىڭ قاراسىمۇ،
ھەم ئاڭلاندى باشقىچە ناۋاسىمۇ.
ھۈنەرۋەنلەر بۇ جايدا زەپ زىل ئىدى،
ئاماقتىكى ھۈنىرى مىڭ خىل ئىدى.
چۈشۈپ كەتتى مەشرەپكە قانچە كىشى،
بەسلەشكەنمۇ ئەر - ئايال، قېرى - ياشى
داپ بىلەن تەڭ نەغمىدە بارماقلىرى.
ياھ - ياھ قاراڭ قاشىنىڭ ئوينىماقلىرى!
سەنەم دېگەن بۇ يەردىن تارالغانمۇ؟
شۇ بۇ خەلق سەنەمگە يارالغانمۇ؟
يېتىپ كەلدى مېھمانلار بارگاھىغا،
تولۇپ كەتتى بۇ سەينا ياركاللىغا.
نە خۇشاللىق كۆرۈنەر شۇ قارىدا،
مىڭ دوزاقنىڭ تەپتى بار چىرايىدا.
چۈشتى قارى مەيدىن چۈمۈپ تەرگە،
تەگدى شۇئان سۆچمىگىنىڭ بېشى يەرگە.
خۇشامەت قىلىپ ئارقىدىن قول باغلىدى،
لېكىن قارى بولارنى سەل چاغلىدى.
كىم بىلگۈلۈك مەقسىدى تائامىمكىن،
ئاندىن كېيىن ئازغىنە كالادىمكىن؟
ئوڭ يېنىدىن يولىغان مەسلىھەتچىسى،
سول يېنىدىن يولىغان خىزمەتچىسى.
قوغۇن - تاۋۇز كېلىندى لىگەن - لىگەن،

پەتنۇسلاردا سۇنىلار سىنچاي دىگەن.
ئۇسسۇلىقـقا قىنىشتى ئاتارمەنلەر،
بىتىپ كەلگەن قۇمۇلدىن چاپارمەنلەر.
ئەسسـتۇللا ئىنىسى رەھمىتول ھەم،
چىراي ئاچماي سىر بىلەن تۇردى شۇ دەم.
نېرى ئەدى بۇ بەگلەر خۇشامەتتىن،
ئابرۇي تاپقان بۇ يۇرتتا ئادالەتتىن.
بىراق سۇ چىلك شۇ تاپتا پەرۋانىدۇر،
ئابدۇللانىڭ ئالدىدا ئاۋارىدۇر.
ئابدۇللا بەگ ئاغزىنى ئۇيان ئاچار،
بالىلاپ دولۇپ ئارقىدىن بۇ يان ئاچار.
ئۇخلىمىدى جامائەت يىقىپ گۇلخان،
تولۇن ئىچرە كورۇنمەس ئايۇ – چولپان.
داش قازاندەك قارايغان كوكنىڭ يوزى،
مېھمانلارنى قالدىمۇ كۆرمەي كوزى.

× × ×

ساقى سۇنغىن ئاچچىقراق مەيلىرىڭنى،
ىەنە كەلتۇر ئاز – تولا سەيلىرىڭنى.
ئىچەم – ئىچەي دىلىمنىڭ غەشلىگىدىن،
لېكىن ساقىلا پىقىرنىڭ مەسلىگىدىن.

## سەككىزىنچى باپ

I

ئەيلەي بايان ئابدۇللا قىلمىشىنى،
سىزىپ بولدى جامائەت بۇ كىشىنى.
ئابدۇللا باي، شۇ كۈندە سۇ چىنىك يېيىن،
ئاستا ـ ئاستا چىقاردى تەتۈر قويۇن.
ئېلىپ كەلگەچ يۈزلىگەن يان تاياقى،
تىزگىنلىدى پەم بىلەن ھەممە يادىنى.
بەزى بەگنى ئاستى ئۈز پىقىرتىپ،
بەزىسىنى ئۆردى ھەم چىقىرتىپ،
ئېپ تاشلىدى ئەمەلدىن بەزىسىنى،
قىسمەنلەرنىڭ ئالدى ھەم ۋەدىسىنى.
كۆچەيتىشتۇر ئالۋاكىنى بىزدا قىسمەت،
ھەم سېلىشتۇر خەلققە قايتا كۆلپەت.
تەنۇرىگە بۇرۇلدى پەلەك چاقى،
ھەم كوپەيدى كۆنسېرى ھەمتاۋاقى.
بۇندا يوقتۇر ئالۋاڭنىڭ مىسال سانى،
كېچىپ ماڭدى خالايىق مىڭ بالانى.

ئابدۇللانىڭ ئەللىكتە ئىدى يېشى،
قومۇل ۋاڭى يۈسۈپنىڭ قېرىنداشى.
شىنجاڭ ئارا مىتروپىيەدىن قالغىنىدا،
مەنسەپ ئىدى يۈسۈپنىڭ ئالقىنىدا.
كەلتۈرگەچكە چەنلۇڭ خان ئىشەنچىنى،
خالىغانچە يوتكىدى ئىسكەنجىنى.
مىسال - قولدۇر پۈتۈنلەي قومۇل خەلقى،
زۇلۇم بىلەن خاراپتۇر ئۇنىڭ ئەركى.
شۇڭا كەلگەن ئابدۇللا ئۇچتۇرپانغا،
بولۇپ ئاشىق شۇ گۈزەل گۈلىستانغا.
شورساقچى بۇ يۇرتنىڭ بايلىقىنى،
ۋەيران قىلىپ ئۇچتۇرپان ئايىغىنى.
ھەر تەرەپتە قاتمۇ - قات تاغلار تۇرسا،
تاغ باغرىدا رەڭگا - رەڭ باغلار تۇرسا،
بۇلاقلىرى بۇلدۇقلاپ ئويناپ تۇرسا،
دەريالىرى تاغلارنى بويلاپ تۇرسا،
توپ - توپ بولۇپ ياۋا جان يايلاپ تۇرسا،
ئولا بىلەن كەكلىكلەر سايراپ تۇرسا،
بۇغا بىلەن ئېيىقلار دارى تۇرسا،
جەننىتىمۇ بىر ماكان چارى تۇرسا.
بەتتەمەدىكىن ئابدۇللا مۇرادىغا،
كويمەمدىكىن قانچە قىز جىراپىغا!؟

2

خان ئوردىسى ئاجايىپ ھەشەمەتتۇر،
گۈلھەسەنگە ۋە لېكىن قىيامەتتۇر.
كەلگىنىگە ئۈچ ئايمۇ بولغان ئىدى،
مەسۇم قەلبى ھەسرەتكە تولغان ئىدى.
كېنىزەك دەپ ئەكەلگەن نەچچە قىزلار،
كېنىزەكچە ئۆتمىدى بۇندا ئىزلار.
بۇ چاغ چەنلۇڭ ئەللىك تۆت ياشتا ئىدى،
سەلتەنەتلىك تاجىسى باشتا ئىدى.
شۇڭا يىققان يۈزلىگەن پەرىزاتنى،
بىر پەرىزات ياقتۇرماس پەيلى باتنى.
ۋە بەزىسى بۇرچىنى قىلغان ئادا.
بۇرچى شۇكى جانىدىن بولغان جۇدا!
گۈلھەسەنلىڭ قەلبىدە ئارمان تولا.
ماڭار چېغى ئاڭلىغان پەرمان تولا.
ئەنە توشقان دەرياسى شاقىرايدۇ،
«ۋىجدانىڭنى ساتما!» دەپ ۋاقىرايدۇ.
ئەنە يالغۇز ئانىسى ئاتار موللاق،
بەزى بىرلەر دېيىشەر: «تەقدىر شۇنداق».
بولغا چىقسا زارلىنىپ جامائەتلەر،
قاپلىغانتى ئەقلىنى مۇسىبەتلەر.
ئەنە ئاقباش تىيانشان قالدى يىراق،

گۈزەل قىزنىڭ قەلبىدىن ئۈچتى چىراق.
كۆڭۈلدىن - كۆڭگە سارغايدى ئويلاپ - ئويلاپ،
ئارزۇلىرى پەرۋازدا كوكنى بويلاپ.
كاشكى بولسا ئەگەردە بىرەر كەپتەر،
ئىز يۇرتىنى تاپاتتى ئارا ھەپتە.
قۇتۇلسام دەپ شۇ چەئلىك باغرى تاشتىن،
خالى ئەمەس ھىچقاچان كوزى ياشتىن.
كۈن - تۈن ئوتمەس سۇرمەستىن مىڭ بىر خىيال.
جانان قىزدا بۇندىن ئۆزگە يوقتۇر ئامال.
شۇنداق كۆڭلىنىڭ بىرىدە سەھەر چېغى،
ئوز چۈشىدە كورۈندى گۈزەل بېغى.
ئېتەر سەيرى يېتىلەپ ئۇ ئاناسىنى،
نە ئاناسى بۇ يېتىم پاناسىنى.
بولغان ئىمىش ئانىسى قارغۇ بىراق،
كوزلىرىدىن چىقارمىش ئىككى بۇلاق.
چىقارمىشكى بىرىدىن بۇلۇقلاپ قان،
ۋە بىرىدىن يىرىڭمۇ گويا قوتتان.
ئانا دىدى، ئويغاندى، بىھۇش بولدى،
ئەقلى بىردىن يوقالدى گومۇش بولدى.
نوكتى شۇنداق ۋاقىراپ مۇڭزارىنى،
نەقىلغۇلۇق يۇرىگى مىڭ پارىنى:
«جانىم ئانا - جانىم ئانا، نى كۆڭلەرنى كورگەندۇرسەن،
مېنىڭ ئىشقى پىراغىمدا زار - زار يىغلاپ يۇرگەندۇرسەن.
ئەجەپ بولدۇم، ئەجەپ بولدۇم نىچۈك بەختى قارادۇرمەن،

ماڭساق ـ تۇرساق تايغاق مەيدە مىڭ بىر جىدەل
سۈرگەندۈرسەن ...

دېدى شۇندا بىر مانجۇ: «گۈزەل قىزچاق،
نە يىغلايسەن بىكارغا بولۇپ ئاخماق،
بۇندىن ئارتۇق بولامدۇ بەختىڭ سېنىڭ،
ئوينايدىغان ئېچىلىپ ۋاقتىڭ سېنىڭ.»
ئوكسۇپ ـ ئوكسۇپ گۈلھەسەل جىم ـ جىت بولدى،
ياش ئورنىغا ئىسسىق قانغا تولدى،
بۇ ئەھۋالدىن چەنلۇڭ خان تېپىپ خەۋەر،
ئۇيغۇر قىزغا يەتتىمۇ دېدى خەتەر؟
تاجىسىنى كىيمەستىن كەلدى يېتىپ،
ئەنە قىزچاق بىئارام بوللاق تېنىپ.
يەنە كەلدى بىر قىسىم جادىگەرلەر،
دوختۇر بىلەن تومۇرچى دورىگەرلەر،
بىر ئورۇندا گۈلھەسەل تاپتى ئارام،
لېكىن يەنە تۆكۈلەر تارام ـ تارام،
تولغان ئۈچۈن بۇ قېتىم باغرى قانغا،
بايان قىلدى پىكرىنى چەنلۇڭ خانغا:
«شەپقەتسىز شاھ قۇدرەت بۇ رەت مېنى،
تىنىم تاپماي ھەر قېتىم كۆرسەم سېنى،
قوچاقلاپ بەرگەن يۇرتۇمغا قايتىپ كېتەي،
تۇپرىغىنى كۆزۈمگە سۈرمە ئېتەي.
ئۇ يۇرتۇمدا ئاجايىپ كۆركەم گىلەم،
بۇ ئايالىڭ تۇپرىغى ھەم توتىيا.

جىر كېيىكى ئېيپاماس ئېنى تونۇر،
پەرۋىش قىلسا كورۇدۇ يۈز يىل ئۆمۈر.
كۈمۈش ياپراق، مېۋىسى ئالتۇن نوزى،
بۇنىڭ ئۈچۈن مۇھتاجدۇر ھەم يەر يۈزى.
ياقۇت ئاقار ئېيىندىن شۇنداق سۈزۈك،
بۇ تۇرۇقلۇق نە كېرەك گۆھەر ئۈزۈك.»
ھەيران ئېلىپ چەنلوڭ خان بۇ گىياغا،
مىرزىسىنى بۇيرىدى ھەم سىياغا.
دەرھال يېزىپ مەسلىھەتچى قويىرۇغىنى،
بايان قىلدى سىكرويىگە بۇيرۇغىنى.
خەزىنىگە ئالتۇن لىق تولغاي ئەمەس،
ياپرىغىمۇ مىڭ لارىم بولغاي ئەمەس،
شۇن تۈپ تاپشۇر دىدى - دە، خېتى تامام.
بۇ تەسۋىرمۇ شۇ يەردە ھەم ۋەسسالام.

× × ×

تولدۇر ساقى شاراپنى ئالتۇن جامغا،
ئىچسەم - ئىچەي يولۇنۇپ ئەمدى تامغا.
سەنمۇ ئىچكىن بۇ قېتىم ئەسرا يۈلۈپ،
ئەجەپ ئەمەس قالسام مەن كۆچىدە ھولۇپ.

## توققۇزىنچى باپ

1

ئۇچتۇرپاننى ھەر كۈنى ۋەھمى باستى،
نە ۋەھمەكى زۇلمەتنىڭ تىغى باستى.
ئۇتتى يەرلەر بايلارنىڭ قوللىرىغا.
ئۇندى تىكەن يوقسۇللار يوللىرىغا.
قېچىپ ماگدى بەزىلەر يىراق جايغا.
ئۇ بەردىمۇ ئۇتۇۋالدى يەنە بايغا.
قېنى تورەم قالدۇرغان ۋەسىيەتلەر،
ھايۋان كەبى قىينالدى جامائەتلەر.
نەسىمتوللا ئۇتمەكتە ئەلەم بىلەن،
رەھىمتۇللا ئوتتەكتە ھەم غەم بىلەن.
غەرق قىلادى ئۇلارنى ئەلنىڭ ياشى،
تويۇلماقتا ھارامدەك يىگەن ئاشى.
چەكسە جاپا ئەل - يۇرتى قېرىنداشى،
نە خاتىرجەم بولغايدۇر ئۇلار باشى؟
ئە ئۇ كۈنلىرى سوھبەتتە ئاكا - ئىنى،
رازى ئىدى ئەل ئۇچۇن كەسە جىنى.

ئەمدى قانداق ئۇلغۇلۇق بۇ جاھاننى؟
خورلۇق - زورلۇق قاپلىدى ھەر قايانى!
شۇنداق كۈننىڭ بىرىدە قىش پەسلىدە،
ئىشىك قاققان سەھەردە كىم ئەسلىدە؟
كىمدۇر بىرى چىققاندا ھەيران بولۇپ،
تۇرغان بوۋاي كوزلىرى قانغا تولۇپ.
سوزلەر بوۋاي توكۇپ ياش تارام - تارام:
خۇدا ھەققى ئەرزىم بار جىھىم بالام.
ئاقتوقايىدىن كەلگىچە كەتتىم ھېرىپ،
ئەسەتۇللا بىگىمنى قوي چاقىرىپ.
توختاڭ دىدى بۇ كىشى كەتتى كىرىپ،
بايان قىلدى ئەھۋالنى دەرھال بېرىپ.
ئەسەتۇل بەگ شۇ پاتلا چىقىپ قالدى،
ئوتتەك كوزى بوۋايغا بېقىپ قالدى.
سالام بەردى بوۋايغا قولىنى سۇنۇپ،
سابىت بوۋا بۇ ئىدى، قالدى تونۇپ.
كەلتۇرۇلدى ئاق نانلار سىنچاي بىلەن.
ئىككى بەگ تەڭ سوھبەتتە بوۋاي بىلەن.
ئاخىر بوۋاي ئەلەمدىن سوز باشلىدى،
غۇۋاغىنا كوزىنى ھەم ياشلىدى:
«ئەلى تورەم رەھمەتلىك بار چېغىدا،
بىر گۈزەل ئىدۇق بۇ يۇرتنىڭ بىز بېغىدا.
تۇرمۇشىمىز پاراۋان زەپ شات ئىدى،
ئەل ئىچىدىن قايغۇلار ھەم يات ئىدى.

قايان كەتتى شۇ كۈنلەر شۇ بىز يۈرتتا؟
تۈزۈپ كەتتۇق كۆل بولۇپ كۆيۈپ ئۇۋسا؟
كۆچەپ كەتتى ھەرجايدا ئۆلۈم - يېتىم.
شىكايەتمۇ بولغاندۇر كۆرمەك قېتىم.
يا ئاللاھقا يەتمەيدى ئاھ زارىمىز،
تۆگەپ كەتتى تەنلەردىن مادارىمىز».
بوۋاي سوزى چىچىلدى ھەر تەرەپكە،
كەلمەي قالدى ئاخىرى ئاغرى گەپكە.
ئۇلۇغ - كىچىك تىندى ئۇ ھەم ئاھ ئۇرۇپ،
سوز باشلىدى ئەسمەتۇل بىردەم تۇرۇپ:
«سايىت بوۋا توكتىڭىز دەردىڭىزنى.
قاينىتىڭىز قازاندەك زەردىڭىزنى.
بىزمۇ قالدۇق شۇ كۈندە خىجالەتتە،
يۈز كېلەرمىز قانداقچە جامائەتكە؟
ئابدۇللا بەگ بىزنىمۇ قىلدى قامال،
ئىش قىلىشقا بىۋاستە يوقتۇر ئامال.
ئىچىمىزگە دەرت يۇتۇپ كەلدۇق چىداپ.
ھەققەتكە جانىمۇ قويدۇق ئاتاپ!...».
ئىككى بەرەپ كوپ قالدى سوھبەت بايان،
ھەم دىيىشتى بولسۇن ھايات - شايان.
ئىدى تۇۋچاغ تاڭ ئېتىپ چاشكا ۋاقتى،
كىمدۇر بىرى شىددەتلىك ئىشىك قاقتى.
«چاقىر» دەپتۇ ئابدۇللا دوغىسىغا،
ياش بەگلەرنى تەكلىپ قىپ تۇردىسىغا.

بوۋاي قالدى شۇ تاپتا ھەسرەت بىلەن،
بەگلەر ماڭدى ئوردىغا ھەيۋەت بىلەن.

2

ئاش باھارلىق نەپەسى كېلىپ قالدى،
ئۇچار قۇشلار نەغمىسى چېلىپ قالدى.
دەريالاردا تارقالدى چىرىمدانلار،
چىقىرايدۇ ھۇزدۇيتۇپ ھەم بورانلار.
قاتتىق چەكتە ئىككى يۈز ئاتمىش كىشى،
جەڭگە كولاش دولىقتا ئۆزنىڭ ئىشى.
كەسمەي كولاش شەرتىدۇر بىلتىرنى،
بەزە شەرتتۇر پۈشۈرمەي توپىسىنى.
موندداق ئىشنى كورمىگەن ئىنسانىيەت،
قانخور چىنلۇڭ خەلققە سالدى كۈلپەت.
لازىم ئىمىش تومۇر تەن ئالتۇن گىيا،
شۇڭا بولدى بۇ ئىشمۇ قىيا - چىيا.
ئون توپ كولاپ جىگدىنى ئىشمۇ پۈتتى.
ئىشلەمچىگە سوغاقلىك دەردى ئۆتتى.
يىگىرمە توت ھەر تۆپكە مەسئول كىشى،
ئىمە چارە بولسىمۇ سىڭ بىر بېشى؟
تۆتتى يەرگە ھوكۈمدىن لاتا قوزۇق،
ئاندىن بولار بول بويى يەكەن ئۇزۇق.
كۈنتۈن ئاسمان دەرغەزەپ تۇرغان سەھەر،

يىغا - زاردا باشلاندى بۇندا سەپەر،
بۇزچە چىرىك ئېلىچنى يالاڭلىغان،
ھەم قولىدا تاياقلار پۇلاڭلىغان.
ئىلغىش دوڭگە ئەمدىلا يەتكەن چېغى،
جەۋرى - زۇلۇم جاندىن جاق ئۆتكەن چېغى
ھاشاجىدا قالمىدى قىلچە دەرمان.
رەھمىتۇل بەگ باش ئىدى بىرىپ پەرمان.
قالماس ئىدى يامان كۈن جامائەتكە.
غەيرەت قىل دەپ ئۆزىندىنتى جاسارەتكە.
كى بار ئىدى بۇ توپتا ئەرۇ - ئايال،
پۈتنى سورەپ - تىرەجەپ سۆرەر خىيال.
بول ئازاۋى ئەمەسمۇ گۇر ئازاۋى؟
موشۇ ئازاپ ئۇلارغا تور ئازاۋى!
سىنىقالغان لەشكەرلەر يوغان ئاتقا،
نىمە كارى چۆنسە ئەل دات - پەريادقا؟
تاغۇ - چۆللەر ۋاقىرار رەھمىتۇلغا.
دەريا كۆللەر ۋاقىرار رەھمىتۇلغا.
باغۇ - بوستان ۋاقىرار رەھمىتۇلغا:
«ئوبدان ئويلان رەھمىتۇل بۇ ئىشىڭنى!
ئاللا راۋا كۆرەرمۇ قىلمىشىڭنى!
ئەي رەھمىتۇل گۇناھغا شېرىك بولدۇڭ،
چىرىك بىلەن بىرلىشىپ چىرىك بولدۇڭ.
ئۇنتۇتتۇڭمۇ تۇرمىنىڭ گەپلىرىنى،
كۆرمىدىڭمۇ خەلقنىڭ دەردلىرىنى؟

بۇلار بىلەن بىرجانغۇ - جېنىڭ سېنىڭ،
شەرەپ ئەدى ھەق ئۈچۈن ئاقسا قېنىڭ.

× × ×

ئايا سادى مەي سۆزنىڭ ھەسرىتىمگە،
دورا بولسا كۆپايە غەزنۆمگە.
شارابىڭنى ئىچەيمەن ئىچىش ئۈچۈن،
ئىچەي دەۋەت جىنىدىن كېچىش ئۈچۈن

## ئونىنچى باپ

1

ئېچىلمەدى غۇنچەچە كۆڭۈلنىڭ يۈزى،
باتامدىمۇ ئۇ پاكى يەرگە كوزى؟
كورۈشمۇ تەس تيانشان تۈرمىسى،
شۇنچە ئەززا كورسەتۇر گەۋدىسىنى.
يا ئەلەمدىن ئۇ يەرگە چوكەمدىكىن؟
ياكى ياشنى دولدۇردەك تۆكەمدىكىن؟
بەس! توختىتاي تەسۋىرنى گەپكە كېلەي،
يالقۇنلىغان جەڭگىۋار سەپكە كېلەي.
جەڭدە سورەپ ماڭماقتا قېرىنداشلار،
ئۇرۇپ ھەيدەر ئارقىدىن باغرى تاشلار.
رۇستەم ئاتلىق بىر يىگىت ئىدى كېسەل،
قالغان ئىدى يېتەي دەپ ئاڭا ئەجەل.
يىقىلىپ غېرىپ ئاخىرى ئاتتىن موللاق،
تاراسلىتىپ بىر چېرىك سالدى تاياق.
دەردەك رۇستەم چارىسىز يىتىپ قالدى،
ھاياتى يوق كۆزىدىن كېتىپ قالدى!

بۇ ئەھۋالغا چىدىماي شۇندا كېرىم،
چېرىكلەرگە ئېتىلدى دەپ: «ياپىرىم!».
ئالدىنىدا چېرىكنىڭ كانىيىدىن،
تۆت - بەش چېرىك ئېتىلدى ئارقىسىدىن.
بولغاچ كېرىم ھەركەتتە بىر چاقماقتەك،
مىنۇت ئىچىدە ئۈچ چېرىك بولدى ھالاك.
خەۋەر تاپقان پۇخرالار قالدى قېتىپ،
خەۋەرسىزلەر ماڭماقتا غەمگە پېتىپ.
رەھمەتۇل بەگ بۇزرەكتى سىنىپ ئالدىدا،
كورمەي قالدى بۇ ئىشنى ھەم دالدىدا.
باشلانغاندا ۋەھىملىك قىيا - چىيا،
يېتىپ كەلدى بىر چېرىك ئۇچقاندەك گويا.
غەزەپلەندى قىلچىنى تۇتقان پېتى،
تىزگىن سىيرىپ تۇرالماس مىنگەن ئېتى.
كېرىمجاندىن شارتتىدە ئالدى باشنى،
جۇدا قىلدى جىسمىدىن قوشۇم قاشنى.
شۇ مىنۇتتا رەھمەتۇل كەلدى ھەيۋەت،
كۆزلىرىدىن چاقنىدى غەزەپ - نەپرەت.
غىلىپىدىن سۇغۇردى قىلىچىنى،
كىشى بىلمەس نېمە ئىش قىلىشىنى.
ئۇل چېرىكنىڭ باشىنى ئالغان چېغى،
قالغان چېرىك تاڭ قېتىپ قالغان چېغى.
چېرىك بېشى تىل سالدى رەھمەتۇلغا،
ئوچەيلىگى بولغاچقا بۇ ئوغۇلغا.

ئاتلان! دېدى رەھمىتۇل دەھشەت بىلەن،
چېرىكلەرگە ئېتىلدى شىددەت بىلەن.
بوران مىسال قوزغالدى جامائەتلەر،
ئايلاپ كەتتى ئىقلىمنى مۇسىبەتلەر.
ئەمەسمىدى رەھمىتۇل پالۋان يىگىت،
كۈچ قۇۋۋەتكە ئاجايىپ تولغان يىگىت.
جەڭلەرگە خاس تونىنى يەشتى شۇئان،
بەش چېرىكنىڭ بېشىنى كەستى شۇئان.
بەش قىلىچنى بەش پۇخرا ئالدى قولغا،
پۈتۈن چېرىك ئېتىلدى رەھمىتۇلغا.
پەرمان قىلىپ رەھمىتۇل ئەر - ئايالغا،
دېدى يەنە ۋاقىراپ: ئالغا! - ئالغا!!!
جاننى پىدا ئەيلەڭلار قېرىنداشلار،
شەرەپ سىزگە بۇ جەڭدە كەتسە باشلار.
چېرىكلەرنى قىلايلى چوقۇم تار - مار،
قاچۇرمايلى شەھەرگە، بولۇپ ھوشيار...
جاكالىدى رەھمىتۇل ئەيلەپ بايان.
ئات چاپتۇرۇپ «يارباغ»[1]قا بولدى راۋان.
چۈنكى يارباغ ياداڭلىق - داڭلىق ماكان،
بۇندا كەلگەن دۈشمەنلەر قالماس ئامان.
كوز - كۆز قىلىپ چېرىكلەر قورالىنى،
بېسىپ ماڭدى رەھمىتۇل ئاياغىنى،
پۇخرالاردىن يانمىدى بىرمۇ كىشى،

[1] «يارباي» يۇرتىنىڭ ئىسمى.

شەرەپ ئەندى بۇ جەڭدە كەتسە بېشى
ھېچ بولمىسا تاش ئالدى قوللىرىغا.
ئۆلگەن چېرىك پۇتلاشتى يوللىرىغا.
ياربېغىدىمۇ دېھقانلار ئەندى دەرتمەن،
ئېلىپ چىقتى قولىغا ئوغاق، كەتمەن.
قومۇشلۇقتا① باشلاندى رەسمىي جەڭ،
بولدى گويا يەر ئۈستى بىر قىزىل رەڭ.
يېتىپ كەلدى بۇ خەۋەر ئوردا تامان،
ئىككى ئەبلەخ چىقاردى پەرمان شۇئان:
بىرى سۇچىلىك رەھىمسىز، توڭگۇز - خاۋان،
بەنە بىرى ئابدۇللا ئەجدار - چايان.
ھارلىق چېرىك ئاتلاندى ئالمان - تالمان.
قوللىرىدا قىلىچ ھەم ئوقيار ئالغان.

2

تۇتۇل ئاسمان، تۇتۇلسۇن، ئاچما چىراي،
مەنمۇ سەندەك تۇتۇلماي قانداق چىداي؟!
تۆرەي ئەمدى كۆرەشكە بىلەكلەرنى،
ياۋغا ئاتاي توپ قىلىپ يۈرەكلەرنى.
ئات ئاستىدىن چاڭ چىقار مۇنارلاردەك،
بۇلۇت بىلەن ئاقاشقان گۇمبەزلاردەك.
دەريا - دەريا ئاقماقتا ئەسكەرلار،

① قومۇشلۇق — جاي ئىسمى

ئېلىشىۋاقتا ياۋ بىلەن قەھرىمانلار.
بىرلىك ئۈستىدە رەھمىتۇل ئۆزگۈت ئىدى
يۈرەك - باغرى يالقۇنلۇق بىر ئوت ئىدى،
ھەم دەر ئىدى: غەيرەت قىل قېرىنداشلار،
ھەق يولىدا شەرەپلىك كەتسە باشلار.
ئەگىزلەر كۆكرەكنى قالقان قىلىپ،
ھەم يەڭىچىلار دۈشمەننى ئالقان قىلىپ...
كۆزىمۇ ئاققا كۆكسىنى قويغان ئىدى،
چېرىكلەرمۇ جېنىدىن تويغان ئىدى.
چېرىك دېگەن ئانچىلىك ئەل ئالدىدا.
غۇلاپ چۈشەر تاغلارمۇ سەل ئالدىدا.
چېكىنگەندە لەشكەرلەر ھەركىتىدىن،
تەگدى ئوقيار رەھمىتۇل قاپ بېلىدىن.
تېشىپ چىقتى بىگىزدەك ئۈچلۇق بېشى.
مۇداۋۇر بولدى شۇ يەردە ئەلنىڭ بېشى،
چىشىنى چىشلەپ رەھمىتۇل سۆزلەر ئىدى.
جاسارەتتە غەلىبىنى كۆزلەر ئىدى،
ئاقىۋەتتە باش قىيىپ بولالمىدى،
ئات ئۈستىدە بىمالال تۇرالمىدى.
دېدى: ئوقنى ئالماڭلار بەدىنىمدىن.
كېيىن ئالاڭلار ۋە لېكىن بۇ تېنىمدىن.
زەمبىل بىلەن كۆتۈرۈڭلار ھەم تېنىمنى،
ئاسانلىقچە بەرمەيمەن بۇ جېنىمنى!..
قايتا باشتىن جەڭ ئۇرنى بولدى دېگىنى.

تۇتاش تەرەپكە قارىسا كۆز يەتكۈسىز، —
چېرىكلەرمىز: «ئۆلدى» دەپ رەھمىتۇلانى.
ھەدەپ سالدى پۇخراغا قانلىق قولىنى.
شۇ ھالەتتە بۇ چەكنىڭ قوماندانى،
(ئىرادىسى پولاتتەك قەھرىمانى).
ئېچىپ تۇرار ئۇسسۇزلۇق لېۋى قۇرۇپ،
ھوشىدىنمۇ كېتەر ئۇ گاھى، تۇرۇپ...
يانا سۆزلەر بىردەمدە شۇنچە سېلىق.
چېكىسىدىن تەر ئاقار چىلىق — چىلىق:
«قېرىنداشلار قىلدىڭلار قەدرىمنى،
تۇمشۇق تاققا قويۇڭلار جەسىدىمنى.
كۆرسەم ئىدىم ئاكامنىڭ دىدارىنى.
كۆرسەم ئىدىم مايسەمنىڭ ۋىسالىنى.
ئۇمۇرۋابەت دۈشمەنگە يېڭىلمەڭلار،
ئۇرغايدەك تىك تۇرۇڭلار، ئېگىلمەڭلار».
ئىسيانچىلار ئاق بوزغا يېتىپ قالدى،
بىراق بەگنىڭ دەرمانى كېتىپ قالدى.
تېخى تۇرار قادىلىپ ئوقيار ئىزى.
زەمبىل ئاسنى تامچىغان قانىنىڭ يۇقى.
ئىسيانچىلار ھەيۋەتلىك ماڭار ئالغا،
چېكىنمەكتە چېرىكلەر ئارقا — ئارقا.
نە بولدىكىن شۇ تاپتا شەھەر ئىچى؟
شۇ كەمگىچە كەلمىدى ئالاقچى.
تۇتتۇردىمۇ چېرىكلەر سېزىپ قېلىپ؟

كۈيدۈردىمۇ ۋە ياكى ئۇزاق سېلىپ؟
باش توخۇمۇ چىللىدى ئاندا ـ ساندا،
يۇلتۇزلارمۇ كۆرۈنمەس ھەم ئاسماندا.
رەھمەتۇللانىڭ پەيت ـ قولى تىترىلىدى،
ئۇ چاغدىمۇ كۆز ئېچىپ شىۋىرلىدى:
«قىلىچىمنى قويماڭلار ھەرگىز ئېسىپ،
قالمىسۇن ئۇ ھېچقاچان ھەم دات بېسىپ...»
ئۇ چىقمىدى ئەتىكەي خۇمارىدىن!
جاپاكەشلەر ئايرىلدى سەرداردىن.
ئىنتىقامنىڭ سازىنى چالدى جەسەت.
قورام تاشتا قاپلىنىپ قالدى جەسەت.

× × ×

ساقى مەي سۇن رەھمەتۇل ھۆرمىتىگە،
راسا ئىچەي قەھرىمان شۆھرىتىگە.
لېكىن تولا بۇ قېتىم دەردىم مېنىڭ،
قايناپ چىقتى بولاقتەك زەردىم مېنىڭ.

# ئون بىرىنچى باپ

1

شەھەر ياقتىن ئاڭلاڭلار تەسۋىرىمنى،
ئابدۇللادىن ھەم باشلاي گەپلىرىمنى.
سېپىل ئۈستى ئادەملەر سانجاق ـ سانجاق،
تىزىلغانىدىك گوياكى يىپقا مۇنچاق.
شەھەر سىرتى چىقالماس بىرمۇ ئىنسان،
كىرەر بولسا ۋە يەنە يوقتۇر ئىمكان.
ئىسيانچىلار شەھەرنى قاپلىۋالدى،
چېرىكلەرگە ھەيۋەتلىك تەھدىت سالدى.
كۆتۈۋەرمەي سېچەكنىڭ بۆيرۈغىنى،
ھەريان تىكتى چېرىكلەر قۇيرۇغىنى.
شۇنداق قاتتىق جەڭ بولدى تاڭ سەھەردە،
مەللاق ئاتار دۈشمەنلەر ھەممە يەردە.
پۇخرالارنىڭ جەسىدى دۆۋەل ـ دۆۋەل،
بۇنداق يېغى بولغانمۇ زامان ئەۋۋەل؟!
يەنە ئاڭلاڭ ئابدۇللا قىلمىشىنى،
چېرىكلەرمۇ كورەلمەس بۇ كىشىنى.

تەشنا ئىدى ئۇ، شۇناپ بىر قاناتقا،
ھور - ھۆر يىغلاپ ھەم چوكتى بەرياتقا!
تاپقاندەك ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئامالىنى،
ئايالچە قىپ ياسىدى جامالىنى،
ئەنە قالدى توپلىغان مال ھەم پۇلى،
ھىچ نەرسىگە بۇ مىنۇت بارماس قولى.
بەدەر قاچتى غەرپ ياق دەرۋازىدىن.
قاتتىق قورقۇپ پۇخرالار ئەلپازىدىن.
سەزمەي قالدى ئەپسۇسكى ئىسيانچىلار،
كوزلەپ ماڭدى ئاقسۇنى قاچقانچىلار.
شۇنداق قاچار قويۇندەك تولغاپ يىزۇت،
ئالاق - جالاق كوزلىرى ئوقۇپ دورۇت.
ئېتىنىڭمۇ تېزلىكى بىر قۇش ئىدى،
ئات ئۇستىدە ئۇ لېكىن بىھۇش ئىدى.
«شۈكرى» دەرلەر ئولۇمدىن قۇتۇلغاندا،
كورگۇلۇكنى كورمەمدۇ تۇغۇلغاندا؟
«قۇش كورۇنەر قورققاندا» دىگەن گەپ بار،
دەسسەم باتۇر كەلمىگەي ئېلىپ ئوقيار.
— توختا! دەيدۇ ئورمانلار ئابدۇللاغا،
توپ - توختىغىن بېشىڭنى ئاساي دارغا!
— توختا! دەيدۇ شاقىراپ ئوستەڭ - ئېرىق —
قالاي شۇندەم قەھرىمدە سېنى غەرق!
— توختا! دەيدۇ ھەم كوروپ ئىگىز تاغلار،
— توختا! دەيدۇ دالالار يەنە باغلار.

ئاران يەتتى ئاقسارنىڭ ئارالغا،
يۈرەك باغرى تىتىلىپ زۇۋانغا.
كاتتىخەيگە مەقسىدى خەۋەر قىلماق،
لەشكەر تارتىپ ئارقىغا سەپەر قىلماق.
كەچ كىرگەندە ئوردىغا باردى يېتىپ،
گەپ قىلالماي ھوشىدىن قالدى كېتىپ.
ئەمەلدارلار تونىدى ئابدۇللانى،
قالغان ئىدى تېنىدە ئاران جانى.
بىر ئۆزۈندا چىقاردى زۇۋانىنى،
كاتتىخەيگە ھەم ئەيلەپ بايانىنى:
«بوي سۇنمىدى پەرمانغا ئۈچتۇرپانلىق،
ھۆكۈمەتكە ئىسيانى يانا قانلىق.
چەنلوڭ خانغا سۇنۇپ بىز سوۋغا ـ سالام،
بولغان ئىدى يولىمىز بىر كۈن داۋام.
رەھمەتۇللا كۈشكۈرتۈپ پۇخرالارنى،
باشىمىزغا كەلتۈردى بالالارنى.
ئەھۋال خەتەر تېزدىن ئامال قىلىڭ،
ئۈچتۇرپاننى تېرگىنلەپ قامال قىلىڭ...»
كاتتىخەينىڭ ئوت ياندى كۆزلىرىدىن،
ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ ئابدۇللا سۆزلىرىدىن.
غىچىرلىدى غەزەپتىن ئۇنىڭ چىشى،
چاقىرىلدى ئونلىغان نەۋكەر بېشى.
مەجلىس ئاچتى ئوردىدا شۇنچە مەخپى،
«شاپتۇلدىدۇر ئەسلىدە جىننىڭ قەستى».

جىمجىت ئەمەس ئاقسۇمۇ بۈگۈن كېچە،
ئۈزۈلمەيدۇ چىرىكلەر تالىڭ ئاتقىچە.

2

ئەمدى باشلاي كېيىمنى ئامانەتتىن،
موسۇپ كىرگەن سىپىلگە جامائەتتىن.
كىم ئېچىنماس رەھمىتۇل ۋاپاتىغا،
تونۇپ بولماس ئەقلىنىڭ پەرىيادىغا.
كىملەر ئۆلگەن، كىم تىرىك بىلىپ بولماس،
ئەھۋال ئەجەپ خەتەرلىك، تىنىپ بولماس.
نەسىمتۇل بەگ شۇئاندا بولدى پەيدا،
كوزى ياشتا، ئوزىمۇ بىر ھۆۋەيدا.
ئوكسۇپ - ئوكسۇپ باشلىدى جاكايىنى،
بەرمەك ئۈچۈن قاتىللار جازاسىنى:
«سوز ئىشتىڭلار، يۇرتداشلار - قېرىنداشلار،
كوڭلى سۇنۇق جاپاكەش قېرى - ياشلار.
ئەلەم قىلدى خەلققە باغرى تاشلار،
شەرەپ بۈگۈن بۇ جەڭدە كەتسە باشلار.
سىزگە كېرەك پەقەتلا ئەركىن ھايات.
بەي بولمىسا ئۈچالماس ئۈچار قانات.
نەدە بولسا تۇتايلى ئابدۇللانى،
تەيارلايلى زالىمغا بىزمۇ دارنى.
سۈچىكدىمۇ ئالايلى بۈگۈن ھساپ،

قىلمىشىدىن خالىققە بەرسۇن جاۋاپ...
ئىسيانچىلار ئوردىغا يەتكەن ئىدى.
ئىككى ئەبلەخ نەگەدۇر كەتكەن ئىدى
سەۋەپ: سۈچىك خەۋپكە تەييار ئىدى،
شۇبۇ زالىم ئۇ قەدەر ھەييار ئىدى.
ئىشقا سېلىپ ئويلىغان چارىسىنى.
تەييار قىلدى پارتلاش دورىسىنى.
ئولاش - چولاش چىقىشىپ مولجەر تاۋقا،
دىققەت بىلەن سەپ سالدى ھەممە ياققا،
ئولتۇرۇشۇپ كارۋاتقا چەكتى پىغان،
ئوتمۇ ياقتى پىلىككە بولدى گۈمران...
يەنە قىلدى ئەسسەتۇل جاكايىنى،
پولات كەبى چىڭىتىپ ئەل رايىنى:
«قوۋلاق سېلىپ ئىشتىڭلار جاماھەتلەر،
ئاز ئەمەستۇر بىز چەككەن مۇشەققەتلەر.
توغرا بولدى بۇ قېتىم ئىسيانىمىز،
ئولۇپ كەتسەك قالمايدۇ ئارمانىمىز.
يېتتۇن ئەرلەر قولغا ئالسۇن قورال،
يۇرتىمىزنى قوغدايلى قىلىپ ئامال.
قول سالماڭلار زادىلا خەزىنىگە،
ئىگە بولسۇن يوقسۇللار نەپىقىگە.
بىز ئىشلەيمىز ئاخىرى ئادىل بولۇپ،
بىرنىيەتتە ھەممىمىز دادىل بولۇپ.
بۇندىن كېيىن ھەر كىشى خار بولمايدۇ،

ميتىن ئوغۇل ـ تۇل خوتۇن خار بولمايدۇ.
قورال لارنى قويايلى يەرلىكىگە،
مىڭ تەشەككۇر بىلدۈرۈپ ئەرلىكىگە.
جەم بولۇڭلار يۇرتداشلار كەتمەي قاراپ،
ئۆزنى قوغداش مۇشكۈلدۇر تۇرسانى قاراپ.
چىكىتلەرگە باش بولغۇن قاسىم خانىم،
ھەم قىزلارغا باش بولغۇن مايسىخانىم.
بىزدە كەمدۇر ۋە يەنە قورال ـ ياراق،
قورال تۇتماي دۈشمەنلەر بولماس ھالاك.
قوچ ـ قاقشال ياشلار ھۈنەرۋەنلەر،
مەنى قىلغۇن ئوتيارنى ئاتارمەنلەر.
ئالدىمىزدا دەھشەتلىك جەڭ بولغۇسى.
تاغ ـ دەريالار بىر قىزىل رەڭ بولغۇسى،
ئەرۋ ـ ئايال بولايلى چوقۇم قەيسەر،
بوي سۇنايلى بۇيرۇقىغا پۈتۈن نەۋكەر...»
جامائەتنى ئەسمتۇل قىلدى قايىل،
تىرىك ئادەم شۇ جەڭگە بولدى مايىل.

× × ×

تۇتقىل ساقى قەدەھنى ئىسسىقلىغا.
چىققۇن ئەمدى جىننى ئېلىپ قولغا.
تۇتقىل يەنە ماكىمۇ ئىچەي شاراپ،
خەلقىم تارتقان ئەلەمدىن باغرىم كاۋاپ.

## ئون ئىككىنچى باپ

1

قالدى ئاقيار - ئاچىتاغ چاڭ - توزاڭدا،
بوران بىلەن چىچەكلەر يوق باراڭدا.
ئەنە كېلەر كاتىخەي دەر غەزەپتە،
بىر قورالسىز كىشى يوق شۇبۇ سەپتە.
ئوتيار - قىلىچ، قالقانلار پەۋەس - پەۋەس،
كورگەن كىشى قالادۇر ھەيرانۇ ھەس.
شۇنداق خىلدۇر بۇ توپىنىڭ مىنگەن ئېتى،
شامالدىنمۇ ئىتتىكتۇر ھەم سۈرئىتى،
پىلان بىلەن توختىتىپ بۇ سەپەرنى،
قىلدى بەرگاھ قارغۇجا دىگەن يەرنى.
بەش چاقىردىم شەھەرگە شۇ بۇ مەللە.
ئابدۇللاغا ئاساندۇر ئەمدى پەللە.
تاماق يىگەچ بولۇشتى كوپ غۇل - غۇلا،
دەرگۇماندا تۇرغانلار ئاندىن تولا،
دىدى بىرى: كىرەيلى باس - باس بىلەن،
تىز ئالايلى شەھەرنى قىقاس بىلەن.

دىدى بىرى: بىرەيلى بىشارەتنى،
سىناش كىرەك مەيداندا دىمەك مەرتنى.
دىدى بىرى: زەپ خىلدۇر بىزدە قورال،
باستۇرىمىز ئىسيانني بولماي هايال.
«ئۇلۇم يوقتۇر ئەلچىگە» يازايلى خەت،
شۇندىن كىيىن قىلايلى بىز كارامەت...
ئاخىر كەلدى ھەممىسى بىر قارارغا.
خەتنى ئىلىپ ئەلچىمۇ تىز بارارغا.
ئوتتۇپ بىز خەت تەسۇددەك قولدىن - قولغا،
يىتىپ باردى بىردەمدە ئەسمىتۇلغا.
«ئۇزلاق سالغىن ئەسمىتۇل شۇبۇ خەتكە.
نەسىھەت قىل ئىسياتچى جامائەتكە.
قارشى چىقتىڭ بۇ قىتىم ھۆكۈمەتكە.
توغرا ئەمەس قىلمىشىڭ شەرىئەتكە.
جاھىل بولساڭ بولۇرسەن كۆكۈم - تالقان،
ئۆلمىگىدىن ئۆزگىچە يوقتۇر ئىمكان.
كىچىكتۈرمەي ئەلچىگە بەرگىن جاۋاپ،
تانەت قىلىپ تۇرمايمىز ساڭا قاراپ...»
ئىسيانچىلار بۇ خەتكە تۇرماي چىداپ،
ئەسمىتۇلنى دەرھاللا ئالدى ئوراپ.
— ھۆرمەتلىك بەگ بىر پەرمان بىرىڭ بىزگە،
كەلتۈرەيلى شان - شەرەپ خەلقىمىزگە.
«يا بىر ئۆلۈم ياكى كورۇم» بىرىڭ پەرمان،
قوربان بولساق مەرتلەرچە يوقتۇر ئارمان!

ھايۋاندىنمۇ كوپ چەكتۇق مۇشەققەتنى،
كۆرەش قىلماي تاپمايمىز سائادەتنى...
ئاخىرىدا ئەسمتۇل يازدى جاۋاب،
يۇخىرالارغا بۇ ئىشنى قالدى ياراپ.
«جاۋاپ شۇكى كاتىخەي جاناپلىرى،
چۈۋۈم بىزدىن تارتىلغاي تاناپلىرى.
توغرا بولدى بۇ قېتىم ئىسيانىمىز،
بۇندا بولغان ئاجايىپ ۋەيرانى بىز.
ھەقىقەتكە ئاتىدۇق چىنىمىزنى،
دەريا قىلىپ ئاقتۇرۇڭ قېنىمىزنى.
ئاگاھ بولۇڭ ئەي جاناپ چىنىڭىزغا،
بىزمۇ تەييار بېرىشقا ئالدىڭىزغا...»
ئەلچىلەرمۇ بىر بېسىپ — ئىككى بېسىپ،
راۋان بولدى يولغا قۇيرۇق قىسىپ.
شۇ زامانلا ئاتلاندى بەش يۈز كىشى،
قېنى ياۋنىڭ بارمىكىن مىڭ بىر بېشى؟
ئەسمتۇل بەگ باش بولۇپ مىندى ئاتقا،
باش ئىگەمدۇ كاتىخەي پېلى ياتقا؟!
كوپۇنچىسى بىلەتتى ماھارەتنى،
كورۇپ قويسۇن ئابدۇللا كارامەتنى!
گۈرزى — چوماق قولىدا قاسىمجاننىڭ،
ئوت چاقنايدۇ كوزىدە باغرى تانىنىڭ.
قەسەم ئىچتى جەم بولۇپ بارى پەلۋان،
ئالدى ئوزۇق ۋە يەنە دورا — دەرمان.

قوغداپ قالدى شەھەرنى قىز - جۇۋانلار،
يەتتە قىزنىڭ سەپدىشى - قەھرىمانلار.

2

خەۋەر قىلدى ئۇلچىلەر دەرھال بىر-،
قالغان ئىدى ئۇ چاغدا ئۈزۈن كەچ كىرىپ،
تۇرالماستىن كاتتىخىي تاراقلىدى،
بىر يېنىدا ئابدۇللا ۋالاقلىدى.
ھاياللىماي كورۇندى ئۈچتۈرپانلىق،
روھى جۇشقۇن، ھەركىتى ئەجەپ چاققان!
سەكرەپ - سالجەپ مۈزگال كۆن تاغ كەينىگە
قانداق بالا بولاركىن ئەل بەختىگە؟
ئارقىدىنلا چىقىراپ چىقتى بوران،
ئاندىن ئوتە ئاسماننىڭ پەيلى يامان.
گۈللارمۇ ئەيلىدى مۇڭزارىنى،
كىمنى كۆرمەي كىشىنىڭ دىدارىنى.
خىرىس قىلار ئىنكى توپ بىر - بىرىگە،
دەزەر بىلەن تاش - تاشلاپ ھەر تەرەپكە،
ئۇلار ھاۋشۇپ ھەر ياندا ئاتلاس ئارام،
كىشىلەرنى ئاتلارمۇ قىلار داۋام.
تۇشقان دەريا بىر ياندا شاۋقۇن سالار،
گاھ - گاھى جىم بولۇپ غەمگە قالار،
ئاۋۇدان ئوتتى بۇ كېچە ۋەھىمى بىلەن.

ئاقان توكۇشكە كوز قىداي رەھىم بىلەن.
ئاتا پەرىشى يۆلتۈزنى تەركەن چىغى.
تۇرغاي ئاگدىن بىشارەت بەرگەن چىغى.
كاتىخەپىنىڭ قوشۇنى چالدى بىگىنال،
نەۋكەرلىرى يەڭ تۆرۈپ تۇردى دەرھال.
يۆخرالارمۇ تەييار دۇرۇپ قالغان ئىدى،
ئىزىز جاننى ئالقانغا ئالغان ئىدى.
ئونيار – مائىشق يار ئىدى ئاندا ساندا،
ھەرج دىرلىدا چوماق يار تىرىك جاندا.
باشمغۇنچە ھايۋاندەك ئۆلگەن ياخشى،
جان كەتسىمۇ بىر قېتىم كۆلگەن ياخشى.
ئىككى تەرەپ سىلجىشىپ كەلدى يېقىن،
يولامدىكىن ياپىرەي قانلار ئېقىن؟!
كاتىخەيدىن بىر نەۋكەر چىقتى تەمىا.
بۇ باتۇرنىڭ يوغاندۇر ئېتى ئىسلا.
قەيەزدىكى شىر گويا بەستى ئۆنىڭ،
نەچچە باشنى ئۈزغىتماق قەستى ئۆنىڭ.
ئات ئويىنىتىپ ۋاقىرار ئەجەپ دەھشەت،
«ئىسيانچىدىن بارمىكىن قېنى بىر مەرت!؟
ئىز بولۇشقىن مېنىڭدە پوتتۇر تاقەت،
نەسلىم بولغىن پەيتىدە ئېلىپ ئىبرەت!!!...»
يارقىرايدۇ قولىدا قانلىق قىلىچ،
نە قىلىچكى بىر غۇلاچ، دىسى غېرىچ،
تۇسۇپ تۇرغان تىننى پولات تاقان.

ئەلپازىدىن تاغلارنى قىلۇر تالقان.
شۇ پەيتتە قاسىمجان چىقتى ئاتلىق،
ئەككى باتۇر، جەڭ قىلدى ئەجەپ قاتتىق.
قىلچىلارنىڭ بىسىدىن چاقتى چاقماق،
بىر - بىرىگە شىددەتلىك تىگەر جاق - جاق!
تەزگىن سىيرەر ئارغىماقلار تىپ - تىك بولۇپ،
چاقنار قاسىم كوزلىرى قانغا تولۇپ.
مۇشكۈل بىلەن ئىرغىدى ياۋنىڭ بىشى،
خۇددى دومىلاپ چۈشكەندەك تاغنىڭ تىشى.
كوزنى يۇمۇپ ئاچقىچە چىقتى بىرى،
قاسىمجانغا ئىتىلدى كەلگەنسىرى.
ئەمما ئۇنىڭ ھەركىتى زەپ تىز ئىدى،
بەش مىنۇتتا كاللىسى ھەم ئىرغىدى.
ئۈچىنچىسى ھەم چىقتى بىر شىر سىمان،
ئاۋازىمۇ دەھشەتلىك خۇددى قاۋان.
زەپمۇ قاتتىق جەڭ بولدى شۇ مىنۇتتا،
قاسىمجاننىڭ بەدىنى كويەر ئوتتا.
راستلا ياۋنىڭ باتۇرى چاققان ئىدى،
بۇ قوشۇندا بىردىن بىر پالۋان ئىدى.
كىتەي دىدى قاسىمجان شەيمانىدىن،
ئايرىلارمۇ خالايىق پەرۋانىدىن؟!
شۇندا قاسىم گۇرزىنى ئىلىپ قولغا،
رەقىبىنىڭ كەلتۇرۇپ سالدى غولغا.
بىرغىنىڭ بىلەن بۇ ئەبلەخ بەردى جاننى

قانتىق چۇقان قاپلىدى يەر - جاھاننى.
ياۋ ئىتىلدى قاسىمغا بىر-ى قالماي.
كوڭلى تىنماس باتۇردىن جاننى ئالماي-
ئالغا! دىدى ئەسىمتۇل سالدى ئاغماق،
ئىسيانچىلار ھەركىتى ئەينى چاقماق.
تاقاشقاندىك تىرەجەپ ئىككى كالا،
توقۇنۇشنىڭ ئەۋجىگە تولدى دالا.
ئىلاپ كەتتى ئىقلىمنى ۋاقىراشلار،
جىنى چىقماي تىنىدىن خاقىراشلار.
مىسال يەل توپ يەر ئۈستى كۆرمىك باشلار،
بولامدىكىن سايلاردا شۇنداق تاشلار؟
ئاللا كىلمەر، ئوقيادىن ئۈزەر ئوقنى،
ساناپ بولماس بۇ مىنۇت بارى - يوقنى
تەن ئۈستىدە تەن ياتار قانلار چىچىپ،
يۈرەر ئىدى ئاتلارمۇ دەريا كىچىپ.
جان قۇتۇلماس قاسىمجان كۆززىسىدىن،
ياۋ ئازلىدى باتۇرنىڭ زەربىسىدىن.
ئۇندىن باشقا بار ئىدى يۈزلەپ پالۋان،
ئەسىمتۇلدا قالمىدى بۈگۈن ئارمان،
شۇنداق جەسۇر بولامدۇ تاغ بۆركىتى؟
شۇنداق چاققان بولامدۇ باغ بۆركىتى؟
ئەتلى قىلدى ئەسىمتۇل ئابدۇللانى،
(ساق قالمىدى بۇ جەڭدە ئۇنىڭ جانى)
ئىسيانچىلار ھەم كەتتى شەيمانىدىن،

تېخى ئىشماي غەلبىنىڭ داۋانىدىن.
يېتىپ كەلدى شۇ چاغدا يەتتە پەلۋان.
قۇشۇردىمۇ ياردەمگە يەتتە ئاسمان؟
دېمەك بۇلار مايسەم باش يەتتە قىزدۇر،
ئات ئۈستىدە ھەركەتتى ئەجەپ تېزدۇر.
قالغان دۈشمەن كوزلەرى ئالاق - جالاق،
يەتتە پالۋان زەربىسى بولدى ساۋاق.
بەدەر قاچتى كاتتىخەي ئاقسۇ تامان.
بۆرەك چىققان تېنىدىن رەڭگى سامان.
كۆنىمۇ تاققا كوكسىنى قويغان ئىدى،
ياۋۇز دۈشمەن جېنىدىن تويغان ئىدى.
كاتتىخەيدىن باشقىسى قاچالمىدى.
ھەر ئامال قىلىپ قورغاننى ئاچالمىدى.
تەسلىم بولدى نا ئىلاج ئەسىمتۇلغا،
قورال تاشلاپ، تىز پۈكۈپ، چۈشتى يولغا.

× × ×

ئايا سافى مەي سۇنغىن قاسىمجانغا،
مايسەم باشلىق يەتتە قىز قەھرىمانغا.
سۇنغىن تەكرار غەلبىنىڭ شارابىنى،
تارتتى پۈتۈن ياۋۇزلار تاناۋىنى.

# ئون ئۈچىنچى باپ

1

ئەسمەتۇل بەگ نۆردىغا ئامان كەلدى،
ئەلى تورەم باش بولغان زامان كەلدى.
ئازات قىلدى زۇلۇمدىن جامائەتنى،
ئاسان ئەمەس ساقايتىش جاراھەتنى.
ياشناۋەتتى يېڭى ئەل ھەممە جايلار،
تۆۋە قىلىپ باش ئەگدى ھەممە بايلار.
بولۇپ بەردى يەر - سۇنى دېھقانلارغا.
ئاشۇ بەردى سارغىيىپ قالغانلارغا.
ئاقياردىكى شىرىپ بەگ ئىدى پەرۋان،
تېز ئىجرادۇر بۇ يۇرتتا ئەمىر - پەرمان.
ئوت يېقىمدىن ساۋۇت بەگ مەللام مۇشۇلاي.
خالايىققا كىيىم يىرق - ئوشۇق - تۇشۇلاي.
ئابدۇللادىن ئالغاچقا ئۇلار ئىبرەت،
تۆۋە قىلدى خەلققە، ئاپتى ھۆرمەت.
تۇشۇلماقتا شەھەرگە ئاشلىق - ئوزۇق.
ئۇنىڭدىن باشقا لازىمەت ھەممە مال - مۈلۈك.

جۇزندا مەقسەت ئايانكى جەڭ بولغۇسى،
ھەم دەھشەتلىك، كۈلىمى كەڭ بولغۇسى.
تىزدەملاندى جايلاردىن پۈتۈن ئەرلەر،
قالدى ئايال، بالىلار، موتىۋەرلەر.
ھەر يۈز يىگىت بىر بەككە نەۋكەر بولدى،
ئىرادىسى كۈنسېرى قەيسەر بولدى.
ھايسەم مەسئۇل ئارقاسەپ خىزمىتىگە،
ئەش تاپشۇرار ئالتە قىز نەۋكىرىگە.
تەشكىللىدى ئاق ساقال بوۋايلارنى،
تەشكىللىدى ئاپپاق باش مومايلارنى.
غەمسىز قىلدى ياش تۇغقۇت ئانىلارنى،
تەربىيىلىدى چۈچۈك تىل بالىلارنى.
مولجەر تاغنىڭ چوققىسى مۇاچەر بولدى،
مولجەر شۇكى، بىر يانغىن ھۆكەر بولدى.
ئوت يېقىلغان كېچىسى قەلئە بېشى،
خەۋەر تاپماق يېغىمدىن ھەممە كىشى.

2

ئەمدى گەپنى ئاڭلايلى كاتىخەيدىن،
باختا ئاتقان زەي سالماي شۇم تەلەيدىن.
دېنى بەش يۈز نەۋكىرى، كەتتى قايان؟
كىتاپخانىم بۇ سىرمۇ سىزگە ئايان.
كەلگەن چېغى جەڭ ئۈستى يەتتە پەلۋان.

قېچىپ كەتتى كاتىخەي پەيلى شەيتان.
ئاران يېتىپ ئوردىغا قىلدى نالى،
چۈشكىن ئىدى ئاجايىپ ئۇنىڭ هالى.
خوتۇنلىرى سۇ سەپتى يۈزىگە،
هەم سويۇندى تىنچ ـ ئامان كەلگىنىگە.
تاڭ ئاتقىچە بولۇپ ئۇ. كوپ بىئارام،
ئەتىسىلا مىگرۇيگە يازدى سالام:
«سالام يازدىم جانابى مىگرۇي سىزگە،
رەهمى شەپقەت قىلغايسىز ئەمدى بىزگە.
ئىسيان قىلىپ شۇ يىقىن ئۇچتۇرپانلىق،
جەڭدۇ بولدى ئارىمىدىن يەنە قانلىق.
ئابدۇللا بەگ كەلگەندە پانا تىلەپ،
جەش يۈز نەۋكەر ئاپاردىم قىلىچ بىلەپ.
ساق قالمىدى بۇ جەڭدە بىرمۇ كىشىم،
ئاران كەلدى ئافسۇغا يالغۇز بېشىم.
ئۆلگىنىدىن سۆيۈنگىنىڭ تاپتىم خەۋەر،
ئۇ دۇنياغا ئابدۇللا قىلدى سەپەر.
راستىلا چىقتى بۇ قېتىم ۋەتىۋەردىگىم،
دانداق قىلاي بىز دەرتنى هورمەتلىكىم؟
پانايىمىسىز ۋاقتىدا بىردىك جاۋاپ،
بولغا قاراپ بولمىسۇن باغرىم كاۋاپ...»
گەپلەر تولا بۇ خەتتە ئۇندىن باشقا.
بولماس ئىمىش زادىلا سەل قاراشقا.
بولدى شۇ چاغ ئەلچىلەر يولغا راۋان،

باي ئارقىلىق مۇزاتتىن ئاشتى داۋان،
خەتنى ئاڭلاپ مىگرۈينىڭ بېشى قاتتى،
ئۆرىلاپ ـ ئۆيلاپ تۇۋى يوق غەمگە پاتتى.
ئۆزى قىسىپ بۇ قېتىم قۇيرۇغىنى،
ئاشتۇقىغا چۈشۈردى بۇيرۇغىنى.
«بۇيرۇق شۇكى: ھورمەتلىك ئاشتۇقىغا،
كاتتىخەيىنىڭ كەلمىدى ئىشى ئوڭغا.
ئىسيان قىلدى كەڭ كولەم، ئۇچىتۇرىيالمىسا
زادى بولماس قىلىشقا سەۋرچانلىق.
يۇتۇن ئاقسۇ شۇ كۈندە پاراكەندى.
ئېپ كەلگەيسىز مىڭ نەۋكەر سىزمۇ ئەندى-
ئىككى ياقتىن بىرلىشىپ كىرەيلى بىز،
يوخرالارغا بىر جازا بېرەيلى بىز.
ھازىر قىلاي مەنمۇ ھەم ئۈچ مىڭ نەۋكەر،
كىرگۈلۈكنى بىر كىرسۇن ھەممە خۇمپەر.
چەتنىلىق خانغا بۇ ئىشنى قىلاي خەۋەر،
باغلاش كېرەك چەزمەنكى بەلگە كەيەر...»
مىگرۈي نويۇپ خېتىگە ئىمزاسىنى،
يەنە بېسىپ ھوكۈمەت تامغاسىنى.
يولغا سالدى ئەلچىنى تىندۇرماستىن،
ھەيۋە قىلىپ بىر كېچە قوندۇرماستىن.
كاتتىخەيگە تەككەندە مىگرۈي خېتى،
ھەم بولغاندا بۇ چەكدە ئىشارىتى.
راۋان بولدى ئەلچىلەر قەشقەر تامان،

ناشتۇقنۇ تۇزغانالدى دەل شۇ زامان.
ھەپتە ئۆتمەي ناشتۇلۇق چۈشتى يولغا.
نۆكەرلىرى قوراللىنىپ ئالدى قولغا.
كەلمەكتىكى قوم - توپراق لاۋى - لەشكەر.
كۆكۈم تالقان بولارمۇ شەھرى بەر - بەر؟

3

ئەمدى كەپتى ئىشتىكلار تۆچتۈرپاندىن،
ئەسمەتۇل بەگ، مايىسگۇل، قاسىمجاندىن.
ئىيانچىلار چەم بولدى سىپىل ئىچرە،
پاشالىقەتنى تەييارلىق كولاپ لەخمە.
يۈزلەپ ئۇستا سوقمادىا قېلىچ - قالقان،
نۇ غەيرەتتىن رەزىل ياۋ بولۇر تالقان.
تۆركۈم - تۆركۈم تۆسۈن ئات كۆندۈرۈلدى،
نەچچە مىڭلاپ يىگىتكە مىندۈرۈلدى.
ئېلىپ باردى بەس - بەستە ماھارەتنى،
كۆرەش بىلەن تاپماقتا سائادەتنى،
ئەسمەتۇل بەگ نەۋكەرلەر قوماندانى،
ئوقلار بىلەن ئاسماندىن ئاتار سانى
خوتۇن قىزلار باشمىدۇر مايسىخانى،
يوددى ئەردەك ياساندى بۇ پەرۋانى،
يىگىتلەرنىڭ بىرى دۇر قاسىمجانى،
راھەت سىزەر چەكسىمۇ مىڭ جاپانى.

ئۆتكەن جەڭگە يەتتە ئىر بېرىپ كەلدى.
قانچە باۋنى شىددەتتە قىرىپ كەلدى.
گۈزەتمەكتە كۈنى - تۈن قاراۋۇللار،
ئەنىق قىلدى ئەھۋالنى ئەستۇللا.
يىگىرمە كۈن ئۆتكەندە ئەھۋال باشقا.
جان كىرگەندۇ كاتىخەي باغرى تاشقا.
لەكىملىك - لەكىملىك كېلەرمىش ئاتارمەنلەر -
فان ئىچەرلەر، خەلقنى چاپارمەنلەر.
كورۇنمەيمىش چېگىدىن تۈننىڭ يۈزى،
بۇ بالانى كۆرمىسۇن ئىنسان كۆزى.
ئارمىش مۇندا ۋە تېخى زەمبىرەكلەر،
تۈنى سورەپ ماڭغۇچى چاقىپىلەكلەر.
ئىسيانچىلار ئۇقۇقاندا بۇ خەۋەرنى،
تەييار قىلدى شۇ كېچە ئات - ئېگەرنى.
مولجەر ئۈستى نەۋكەرلەر ئاقتى ھەر يان،
ھەيۋەت بىلەن ئاسمانغا ياقتى گۈلخان.
تېرى - چۆرى كىشىلەر قاچتى تاققا،
قېلىن ئورمان جاڭگاللىق يەنە باققا.
كېلەر يېغى ھېچكىمنى كوزگە ئىلماي،
تېرىك جاننى ئۆلتۈرۈپ رەھىم قىلماي.
ئىسيانچىلار يۈزلەندى شەرق ياققا،
بارگاھ قۇرغان ياۋۇزلار مازار باققا.
سۇنداق چاغدا غەربىتىن سادا كەلدى،
نەساداكى، بىر يېغى بالا كەلدى.

ئوت ئەترەپتىن قورشالدى جەسۇر شەھەر،
ئىرادىدىن باغلىدى بەلگە كەمەر.

× × ×

ھەي سۇن ساقى ئەل بىلەن ئىچمىگىم بار،
ھەققەتكە بۇ جاندىن كەچمىگىم بار.
ئايا ساقى بۇ قېتىم قان ئاققۇسى،
قان دەريادا كۆرمىگلاپ جان ئاققۇسى.

# ئون تۆتىنچى باپ

I

تۇتۇل ئاسمان، تۇتۇلغىن، يۈز ئاچمىغىن،
شۇ بىغنى كورمىگىن، كوز ئاچمىغىن،
كېلەر دۈشمەن ھەرياقتىن ھەيۋەت بىلەن.
ئىسيانچىلار ھەم تۇرار غەيرەت بىلەن.
ئاپال زادى قالمىدى بۇ شەھەردە،
بار كەلكۈنى غەزەپنىڭ ھەممە يەردە.
يۈرەر مايسەم قاتمۇ - قات تاغ ئىچىدە.
ئالتە نەپەر نەۋكىرى داغ ئىچىدە.
ھەر بىرىنىڭ پەرھاتتەك كويگىنى بار،
چىن دىلىدىن ئارزۇلاپ سۆيگىنى بار.
يارى بىلەن كۆرۈشكەي ئامان بولسا،
قاراقچىلار يوقالغان زامان بولسا!
پەرمان قىلدى ئەسقۇل جامائەتكە،
تۇرمانى ئۈچۈن تاقابىل بۇ ئاپەتكە:
«جاندىن تويغان دۈشمەنلەر كېلەۋەرسۇن،

تۇۋە قانداي چايقالماق قىلغۇرسۇن.
دۈشمەنلەرنى قىلىمىز چوقۇم يەكسان.
بىزدە بىر چوڭ قورال بار، بۇدۇر ۋىجدان!
چېكىنمەيلار ھېچقاچان مەردانىلەر.
ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا پەرۋانىلەر.
ئاتلانايلى كۆرەشكە تېرىك جانلەر،
دەريا دەريا ئاقسۇن مەيلى قانلەر...»
بۇ ۋەزىدىن پۇخرالار كۈچكە تولدى،
ئېزىز جاننى ھەم پىدا قىلار بولدى.
كوتۈرۈلدى ئاسمانغا شۇئىدا چۇقان،
زىل - زىل قىلدى زېمىننى قەھرى گۈلدان.
خاتىرجەم بول ئەسسالۇم سەركەردەمىز،
بۇيرۇغىڭدىن چىقمايمىز ھەر يەردە بىز.
— ئەركىن ھايات پەقەتلا كېرەك بىزگە،
ۋىجدانىمىز جەڭلەردە يولەك بىزگە.
— بۇ دۇنياغا بىر قېتىم تۇغۇلدۇق بىز.
نە سەۋەپتىن زۇلۇمغا بوغۇلدۇق بىز؟!
— ياش ئورنىغا قان ئاقتى كوزىمىزدىن،
ھېچ يانمايمىز بۇ قەسەم سوزىمىزدىن.
— قۇربان بولساق قالمايدۇ ئارمانىمىز،
ئەسكە ئالار كەلگۈسى ئەۋلادىمىز.
جەسەدىمىز ئايلىنار گىيالارغا،
قېنىمىزمۇ ئايلىنار سالارغا...
سېمىل ئىچى ئاددەلەر سانجاق - سانجاق.

تىزىلغاندەك گوياكى يېڭى مونچاق،
پۈتۈن پۈخرا زەبەردەست ئالغان قورال.
قىلىچلارنىڭ بىسلىرى قانغۇر پال - پال،
پەلات قالقان بېرىلادى يالۋانلارغا.
ئېزىز جاننى ئالقانغا ئالغانلارغا.
جەڭ مەشقى ھەر جايدا قىزىپ تۇردى،
نەتىجىنى مىرزىلار يېزىپ تۇردى.
بۇ كۈنلەردە روزى چوڭ قاسىمجاننىڭ.
يار ئىشقىدا گۈلخانە پەھلىۋاننىڭ.
يات پۇرسەتتە كەلسىدى، ياخشى كۈنلەر،
بەر يۈزىدىن يوقالسا قارا تۈنلەر.
لېكىن ياۋنىڭ ھەر قاچان پەيلى يامان،
بۇ پەيلىدىن بولمىدى ئەلمۇ ئامان.

2

گەپنى باشلاي كىتاپخان ئامانەتتىن،
غەرب ياختىن باشلانغان پالاكەتتىن.
قوشۇن تارتتى ناشتۇك ھەيۋەت بىلەن،
دەر غەزەپتە دولقۇنلاپ قالدى تۇمەن.
كۈنلەر ئۆتۈپ ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ،
ناشتۇكنى كاتىخەي ئالدى كۈتۈپ.
بۇ ئىككى باش تېپىشىپ ئورمانلىقتا.
(كىشى كورمەس ئەپلىكرەك چاتقاللىقتا)-

سوھبەتلەشتى ۋە يەنە تۇزدى پىلان،
قان شورىماق بىراغاندەك خۇددى يىلان.
بۇ سوھبەتتە كاتىخەي مەيۇس ئىدى،
ناشىتۇكىغا يالۋۇرۇپ مۇنداق دىدى:
دۇچتۇرپانىمق ئاجايىپ جايىل ئەلدۇر.
جەڭ كۆزنىرى يولۋاسقا مايىل ئەلدۇر.
بەش يۈز نەۋكەر ئەكەلدىم ئۆتكەن چاغدا.
قىرىۋەتتى ھەممىنى قالدىم داغدا.
كورسەتمىسەك بولمايدۇ پەم - پاراسەت،
گەر قارامىق قىلساقلا بار پالاكەت.
ئات ئۈستىدە ئەرلىرى شۇڭقار ئىكەن،
ئاتلىرىمۇ گىياكى تۇلپار ئىكەن.
قىلىچ تۇتسا قالسىز ھەيران بولۇپ،
ئاخىر يەنە كەتمەيلى ۋەيران بولۇپ.
چىقارمىسۇن بۇ خەلق يېلىمىزنى،
ئىشلىتەيلى ھەر ئىشتا ھىيلىمىزنى.
جانابىڭىز ئەقىللىق مەشھۇر كىشى،
چەنلوڭ خاننىڭ يارامىق بىر سىردىشى.
باردۇر بەلكى سىزنىڭمۇ پىلانىڭىز،
ئاغنى تالقان قىلغىدەك ئىرادىڭىز؟...
سوز باشلىدى ناشىتۇڭ كوڭلى قارا،
بۇندا باردۇر ئاجايىپ نەيسى بالا:
«بىز تۇرغاندا قانچىلىك يۈخرا دىگەن.
بىزدە كوپتۇر، زەمبىرەك، ئوقيا دىگەن.

ھەيپتە ئەجرە بۇ ئىسيان گۇمران بولۇر،
ئىسيانچىلار قانلىرى قىيان بولۇر.
ئىسيانچىلار جەم بوپتۇ شەھەردىلا،
شىددەتلىك جەڭ باشلاپتى سەھەردىلا.
شەرق ياقتىن سىز پەقەت تۇسسۇپ كىرىڭ،
ئۇدۇل كەلگەن يەر بىلەن بوسۇپ كىرىڭ.
ھەممە كىرەي غەرپتىن ئالدان - تالماي،
ئەسسىتۇلغا قالمىسۇن قاچە ئىمكان...
كانىخەيمۇ سوزلىدى شۇندا كۈلۈپ،:
ئولجىلارنى ئالايلى تۇتكە بولۇپ.
چەلۇك خانغا بەرمىسەك زادى بولماس،
ئاڭلاپ قالسا بىزلەردىن رازى بولماس.
ئۇندىن قالسا ئولجىنى مىكرۇي ئالسۇن،
ئىككىمىزگە ئاخىنى نەكلا قالسۇن.
چېچاكلىدى ئاشتۇك مۇنداق گەپكە.
قاپاق تۇرۇپ ھەم كەلدى دەرغەزەپتە:
بوكىدا سەن كەلمەس گەپلىرنى قىلمۇەرمەك،
خالىغانچە مۇقامنى چېلىۋەرمەك،
ئۇتكەن جەڭدە بار تېخى گۇنايىمىز،
ئۇستىمىزدە نىسسدۇر جازايىمىز،
ئاۋال باشتا ئىسيانى بېسىش كېرەك.
باشچىسىنى دارلارغا ئېسىش كېرەك،
ئولجىلەرنى بولۇشمەك نەس گەپ ئەمەس،
ھېساپ بىلمەي پۇلغىلا قىلماق ھەۋەس.

مۇندىن كېيىن سۆزلىمەك گەپنى تولا،
ئەلەم قىلغان كۆڭۈللەرنى بىر گەپ بولار...
ئىشىكى بىزرى سۆزلىشىپ كۆڭ يالقىپ،
چۈنكى خاتا سوقۇشتى تالى ئاتقىچە،
بىر بىرنى بۇ قىتىم باپلىماقچى،
ئەپ تاپسىلا توھمەتنى چاپلىماقچى.

× × ×

ساقى مەنى شۇ دەمدە زاپاس قالغىن،
كى پېشىرنى بۇ غەمدىن خالاس قىلغىن.
سۆيۈنۈپ قالدى تۆتقۇنغا ئەل بىچارە،
بۇنى كۆرۈپ يۈرىكىم پارە پارە.

## ئون بەشىنچى باپ

يالقۇنلۇنۇپ تۇرماقتا شەھرى بەر بەر،
ھۆكۆرەيدۇ شىر مىسال ئەنە مولجەر.
تىبانشانمۇ شۇ كۈندە پەرىشاندۇر.
ئون چاقىنغان كوزىدە باغرى قاندۇر.
توشقان دەريا چىشلىدى لەۋلىرىنى،
كىمگە ئېيتار مۇڭلىنىپ ئۆز سىرىنى؟
گىبالارمۇ ھەم تۇرار بويۇن قىسىپ،
نەۋ باھارمۇ كۆلمىدى مۇنچاق ئېسىپ.
قالىغاچلار بۇ ئىشتىن ھەيرانىدۇر،
ئۇۋۇسىنى كورەلمەي ۋەيرانىدۇر.
چىل بورىلەر ھەرباندا ھۇلاپ يۇرەر،
كوروپ قالسا تىرىك جان دەرھال سۇرەر،
قالدى خەلق پۇتۇنلەي قورشاۋىدا،
ھەممىسىلا ئولۇمنىڭ گىرداۋىدا.
سىرىتتىن خەۋەر ئۇقمىدى بىرمۇ كىشى،
سىپىل سىرتى چىقسىلا يوقتۇر بېشى.

دۈشمەن كۆنده سىپالنى بوسۇپ باقتى،
قارغۇ چاشقان مىسالى ئۇسۇپ باقتى.
ھەر ئامال قىپ كىرەلمەي ئىچكىرىگە،
تاپا - تەنە قىلىشتى بىر - بىرىگە.
ھېچ قالمىدى ئويلىغان چارە - تەدبىر،
ئىشلىتىلدى قانچىلاپ ھىيلە - مىكىر.
ئەلەم ئۈستى ئەلەمدۇر ناشتۇگىغا،
ماختىنىپمۇ كەلمىدى ئىشى ئوڭغا.
ئىسيانچىلار ھەر مىنۇت ھۇشيار بولدى،
كوزلىرىدىن ئۇيقىمۇ بىدار بولدى.
ئەپسۇس يىلنىڭ ھەم جۇلجۇل ئۈستى - بېشى،
قاتتىق - قۇرۇق، غورىگىل يىگەن ئېشى.
شۇنداقتىمۇ رەھمىتۇل سەردارى بار،
تەنگە مادا كېسەلگە شىپاسى بار.

2

شوڭقار بولۇپ تاغلاردىن ئايلان قەلەم،
مايىسخاننىڭ دەردىدە چەكتىم ئەلەم.
سېغىنغاندۇر قانچىلىك ئۇ يارىنى؟
كىمگە ئېيتار مۇڭلىنىپ ئاھ زارىنى؟
نەئەيلەيىن يۈرىگى مىڭ پارىنى؟
نەئەيلەيىن كوزلىرى خۇمارىنى؟!
بۇلبۇل ئەدى بىر چاغدا باغ ئاراسى،

دۇلدۇل بولدى شۇ كۈندە تاغ ئاراسى.
بولدى ماكان ئەجەبا تاغ ئوڭكۈرى،
تۇشمۇ ـ تۇشتا ھەرۋىلىشىپ يۈرگەن بورى.
شەھەر بىلەن ئالاقە ھەم ئۈزۈلگەندى،
نىم بولغاننى تىنىڭ ـ تىڭلاپ ھېچ ئۇقمىدى ـ
زادى قانداق بولغاندۇر ئەرلەر ئىشى؟
ئۇزۇلدىمۇ تاۋۇزدەك ۋە يا بېشى؟
ئوڭكۈردە سۇ ئەجەپ قىس بولۇپ كەتتى.
بەزى بىرلەر ئاچلىقتىن ئۇۋاپ كەتتى.
تەگدى كېسەل مۇشتۇمدەك باللارغا،
ئەلەم ئۇستى ئەلەمدۇر ئانىلارغا.
لېكىن مايسەم تىنىمسىز پەرۋانىدۇر،
بىر نەپەر قىز ـــ ئەل ئۈچۈن مىڭ دانىدۇر ـ
قايان بارسا ھەمرادۇر ئالتە نەۋكەر،
تەڭ كېلەلمەس بۇلارغا قانچە خۇمپەر.
ئۇچراپ قالغان چىرىكلەر ئولگەي تامام،
ياراقلىرى بۇلارغا سوۋغا ـ سالام.
مۇمكىن ئەمەس بۇ توپتىن قېچىپ كېتىش،
مۇمكىن ئەمەس يا يەرگە پېتىپ كېتىش.
شۇنداق ئۇستۇن يەتتە قىز ماھارەتتە،
شۇنداق كۈچلۈك يەتتە قىز جاسارەتتە.
بۇ بىر سىرنى چىرىكلەر بىلەلمىدى،
بارغانسېرى بىمالال يۈرەلمىدى.
بۇ مەرگەنلەر پەرىمۇ ۋە يا ئىنسان،

چىرىكلەرنىڭ بۇ ئىشقا ئەقلى ھەيران؟!

× × ×

ساقى سۇنغىن بۇ قېتىم خوشلۇق شاراپ،
كەل ئىچەيلى سىردىشىپ، تۇرما قاراپ.
تەبرىكلەيلى ئەلدىكى جاسارەتنى،
تەبرىكلەيلى ئاجايىپ ماھارەتنى.

## ئون ئالتىنچى باپ

1

شۇنچە قاتتىق جىڭ بولدى كۈنۈم ــ كۈنۈم،
تاپالمىدى چەرىكلەر قىلچە ئۇنۇم.
سېپىل باغرى جەسەتكە تولۇپ كەتتى،
ئادەم قېنى دەريادەك بولۇپ كەتتى.
كۈنمۇ شۇندا كەچ كىرىپ قالغان ئىدى،
كاتىخەيگە ناشتۈك مۇنداق دېدى:
«ئەي، كاتىخەي كەلمىدىڭ ھېچبىر كېرەك،
بولالمىدىڭ يېقىرغا ھەم يار يۆلەك.
پۈتى كويگەن توخۇدەك يۈرمەكتىسەن،
چەكسەم جاپا، تاماشا كۆرمەكتىسەن.
نەۋكەرلىرىڭ قورقۇنچاق ئاندىن بەتتەر،
شۇ كەيپىڭدىن بىزگىمۇ كەلدى خەتەر.
بەسلىشەمسەن ۋە ياكى مېنىڭ بىلەن،
ئېلىشىمەن ئاخىرى سېنىڭ بىلەن ... »
كاتىخەيمۇ پەيتىدە بەردى جاۋاپ،
قالغىنىغا چارىسىز ھالى خاراپ:

«باشتا يوغان سوزلىگەن جاناپلىرى،
تارتىلدىڭمۇ نەچچە رەت تاناپلىرى!
دىمىدىڭمۇ بۇ ئەلنى «جايىل خەلق،
چەڭ كۆڭلىرى يولۋاسقا مايىل خەلق».
قىلماق ئاسان ئىغىزدا پوچىلىقنى،
كورسىتىش تەس ئەمەلدە نوچىلىقنى.
سۆڭى كورمەي ئۆزلىرى ئوتۈك سىلىپ،
ھەم قويدىلا ئۆلجىنى تەقسىم قىلىپ.
نەۋكەرلىرىم ئاز قالدى ئۆلۈم يىتىپ،
قىستاۋىرىپ شەيمانى قالدى كىتىپ.
راست كىپىم شۇ تۈگىدى مەندە چارە،
بولغانلىرىم بىر تىيىن مىڭ ئاۋارە ...».
سىلىۋەتتى ناشتۇڭ ئىككى تەستەك،
دەلدەڭشىدى كاتىخەي گويا مەستەك.
«قوش كورنەر قورققانغا بىلىپ قويغىن،
تۇنجى چەڭنى نەزەرگە ئىلىپ قويغىن ...»
جان ئاچچىغى كاتىخەي تۆكۈپ ياشنى،
ناشتۇڭغا قول باغلاپ ئەگدى باشنى:
«جاناپلىرى ئەزەلدىن دانا كىشى،
گۇنا ئىكەن پىقىرنىڭ بۇ قىلمىشى.
كەچۈرسىلە بۇ قىتىم گۇنايىمنى،
كەچۈرسىلە مەندەك بىر مۇنايىمنى.
يانا تىلەي ھەر ئىشتا ئۆزلىرىدىن،
بۇندىن كىيىن چىقمايمەن سوزلىرىدىن ...»

بۇ جەڭچالىنىڭ ئاخىرى مۇنداق بولدى،
بۇرىلەرنىڭ كىرزىلىرى قانغا تولدى.
كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمغا ئۆتىدەك بولدى،
مەغلۇپ بولسا، مىگرويىتى كۆزىدەك بولدىيە

2

يۈرمەكتىدۇر چىرىكلەر قىلىچ بىلەپ،
قارغۇ چاشقان مىسالى ھەم تەمتىلەپ.
ياسالماقتا شۇتىلار نەچچە يۈزلەپ،
كېتەمدىكىن شەھەرنى ئەمدى تۈزلەپ؟
شۇندىغىتىمۇ ھەركىمنى زەپ سۈس ئىدى،
ئۆزى غەمكىن، كوزلىرى مەيۇس ئىدى.
ئولۇم ھەر ۋاق بۇرنىغا بۇرار ئىدى،
قوسقى ئاچ، تىترىشىپ تۇرار ئىدى.
توشۇپ قالدى هايالسىز كۇتكەن سائەت،
بوسۇپ كىرمەك سىپىلگە بىر قىيامەت.
ئانلار جەزمەن ئاقادۇر تاڭ سەھەردە،
جان قايغۇسى چىرىككە ھەممە يەردە.
بۇ ھۇجۇمغا باشتىۇڭ باش قوماندان،
سەل قاراشقا بولمايدۇ ئەمدى بىر جان.
ئىسيانچىلار بۇ ئىشنى بولغان سىزىپ،
سىپىل باغرى لەخمىلەر قويغان قېزىپ.
ھەر بىر بىگىت بەتلىگەن ئوقىارىنى،

ئەپلىك جايغا يوشۇرغان دىدارىنى.
كېلىۋەرسۇن چىرىكلەر جاندىن تويسا،
قازا تاپقاي سىپىلگە قەدەم قويسا.
بەشىنچى ئاي بېشىدا دۈشەنبە كۈن،
سىپىل بويلاپ چىرىكلەر سەپتە پۈتۈن.
بەلگە بەردى ئوق بىلەن باش قوماندان،
شىددەت بىلەن چېلىندى ھەم باراباان.
ھۇررا! دىدى چىرىكلەر سىپىل تامان،
ھوكىرەمدۇ شۇ قەدەر توڭگۇز - قاۋان؟
چىقىشماقتا شوتىدىن تاراقلىشىپ،
بىر - بىرىگە يول بەرمەي پالاقلىشىپ.
سىپىل ئۈستى چىرىككە تولۇپ كەتتى،
ھەر تەرەپتە ۋاراڭ - چۇرۇڭ بولۇپ كەتتى.
ئوت تۇتاشتى شەھەرگە ھاي - ھۇي دىمەي،
ئىسيانچىلار ھەم تۇرار ھىچ غەم يىمەي.
كورەلمىدى چىرىكلەر تىرىك جاننى،
قاتتىق چۇقان قاپلىغان ھەممە ياننى.
ئوت چاقنايدۇ ۋىژىلداپ ئوقلار ئۇچۇپ،
چۇشكىنىدەك ئاسماندىن يۇلتۇز كوچۇپ.
چىرىكلەرمۇ قىلىشىپ جاننى پىدا،
سىپىل ئىچرە سىرىلدى ئارغامچىدا.
چۇشەلمىدى بىرسىمۇ ساق - سالامەت،
يا بارمىكىن سىپىلدە بىر ئالامەت؟!
چۇشكەنلەرنىڭ چۇشمەكتە ئولۇكلىرى،

غال ـ غال تىترەر ئۈستىدە تېرىكلەرى.
ئەيــيۇھەنناس! قانداقچە جامائەتىبۇ؟
ئەيىيۇھەنناس! قانداقچە پالاكەتىبۇ؟
چىرىكلەرنىڭ چويۇندەك قاتتىق بېشى.
كوز چاناقتىن تاراملاپ ئاقار يېشى.
مەجبۇر بولدى قېچىشقا ئويلىماستىن،
چىققىنىچە ئۇزىنى چاغلىماستىن؟
پاراكەندى شوتىدىن نوۋەت يەتمەي،
قېچىپ كەتسە بولاتتى بېشى كەتمەي.
ئىسيانچىلار ئوقلىرى گويا چاقماق،
بولغان ئىكەن چىرىكلەر راسا ئاخماق.
غالجىر ئىتتەك ناشتۇلۇق ۋاقىرايتتى،
بىر يېنىدا كاتىخەي كاكىرايتتى.
ئەلەم بولدى ئاجايىپ ناشتۇلۇغا،
ئەگرى پاچاق، يەل ئوپكە بېشى چوڭغا.
ئۈچكۈن ئوتتى ئارىدىن ھەسرەت بىلەن،
سالام يازدى مىڭرۇيگە ھورمەت بىلەن:
«سالام سىزگە ھورمەتلىك مىڭرۇي جاناپ،
ئۈچتۇرپاندا ھالىمىز بولدى خاراپ.
ھېچ قالمىدى بىزلەردە ئەمدى دەرمان،
چېكىنىشكە بەرسىڭىز چوقۇم پەرمان.
ئىسيانچىلار راستىنلا «جايىل ئىكەن،
جەڭ كۈنلىرى يولۋاسقا مايىل ئىكەن».
قايان بارساق ئورمانغا تواۋپ كەتكەن،

چارلاپ چىققان نەۋكەرلەر ئۇلۇپ كەتكەن.
چوڭدۇر ـ كىچىك ھەممىسى ئاتارمەنكەن،
قوللىرىدا قىلىچ بار چاپارمەنكەن.
ھايالدىماي بەرسەڭىز بىزگە جاۋاپ،
توت بولمىسۇن كوزىمىز يولغا قاراپ...»

× × ×

ساقى سۇنغىن بۇ قېتىم تاتلىق شاراپ،
نە تاتلىقكى كوڭلۇمگە شاتلىق شاراپ.
مىڭ ـ مىڭ قەدەھ قىلغىنا ئەمدى تەييار،
مەرتلەر بىلەن كوتىرەي تەكرار ـ تەكرار.

# ئون يەتتىنچى باپ

## I

ئەرزنامە مىكرۇيىگە يەتكەندە،
هالى ـ تاڭ بولۇپ هوشىدىن كەتكەندە.
مۇنچاق ـ مۇنچاق تەرلەدى پايىنەك بېشى،
هەم ئاجايىپ چېشىنىڭ غۇچىرلىشى.
تاراقلىدى غەزەپتە ئوردا ئىچى،
قولغا چىقتى قوزۇقتىن هەم قىلىچى.
ئەلچىلەرنى چاپقىلى قىللا قالدى،
شاپلاقلىرى قانلارغا هەم بويالدى.
كەلتۈرۈلدى شۇل زامان قەغەز ـ قەلەم.
بولمىغاندۇر ئۆمرىدە مۇنداق ئەلەم.
بۇ ۋەھىمىلىك ئەھۋالدىن بارار قايان؟
چەنلۈڭ خانغا پىكرىنى قىلدى بايان:
«ئايان بولسۇن بايانىم سىزگە شاھىم،
ئەگەردىشى يوق، ئىززەتلىك قىبلى گاھىم.
هوكمىڭىزگە بىزى سۇنماي ئۇچتۇرپانلىق،
ئىسيان قىلدى ئاجايىپ يەنە قانلىق.

ئەزبۇ كۈندە باش قېتىپ ھەيرانە مەن،
باسالماستىن ئىسيانىنى ۋەيرانە مەن.
بۇ ئىسيانغا ئۆزىڭىز چارى قىلىڭ،
شەنىگىزنى بۇ قېتىم جارى قىلىڭ...»
خېتى ماڭدى مىڭرۇيىنىڭ كۈن - تۈن دېمەي،
قانداق تۇرسۇن بۇ ئىشتىن ئۇ غەم يېمەي؟
بۇ ئىسياندىن چەنلۇڭ خان تېپىپ خەۋەر،
قوماندانغا بۇيرۇدى: قىلغىن سەپەر.
سېپكە تۇردى ئاتلىنىپ ئون مىڭ نەۋكەر،
ئىزىدىسى بۇ جەڭگە خېلى قەيسەر.
دېيارلىدى يۈزلىگەن توپ - زەمبىرەك،
بۇ قوشۇننىڭ ھەيۋىسى ئاسمان - پەلەك.
بۇ قوشۇنغا ئاگۇينىڭ ئۆزى باشتۇر،
بۇ قوماندان ئاجايىپ باغرى تاشتۇر.
ئات ئويىنىتىپ قوشۇنلار يولدا كېلۇر،
قىلىچ بىلەن تۇغ - ئەلەم قولدا كېلۇر.
ھېچ گەپ ئەمەس بۇ كىچىكە ئۇچتۇرپانلىق،
مىلتىق يېغى بولغۇسى تېرىك جانلىق.

2

سېپىل ئىچرە قاپتىمەن كىناپخانىم،
ئىسيانچىدىن قايغۇرۇپ يوق ئارامىم.
ئەستىتۇل بەگ بىر كۈنى جاكا قىلدى،

لەختە ـ لەختە دىللارغا داۋا قىلدى:
«ئۆرغىدى دىللار قېتىدىن قەھرى ـ ۋۇلقانلار بوگۈن،
يانمىدى ئىرادىسىدىن مەردۇ ـ مەردانلار بوگۈن.

قوزغىلىپ چىقتى كۆرەشكە ھەق ئادالەت يولىدا،
جاننى ئەيلەپ پىدا مىللى پەرۋانلار بوگۈن.

بىز قىلىپ سىپىل ئىچى بەردۇق قاۋانغا زەربىلەر،
ۋە لېكىن چوللەردە سەرسان يارۇ جانانلار بوگۈن.

بەل سۇنۇپ كەتسە-كېتەركىن سۇنمىغاي ئىرادىمىز،
ئارقىسىغا قايتۇرارمىز كەلسە توپانلار بوگۈن.

باغلىدۇق بەللەرنى مەھكەم جەسۇرانە روھ بىلەن،
ھەل بولۇر جەڭلەر ئارا خەلقىمدە ئارمانلار بوگۈن...»

سوزلىدىكى بىر پۇخرا تىلى بۇلبۇل،
كىيىملىرى ئاجايىپ ئىدى جۇل ـ جۇل:

«ئاھ دىدۇق، پەريات چەكتۇق يەتمەس ئىلاھقا زارىمىز،
قۇل بولۇپ زالىملىغا قالمىدى بىرمۇ چارىمىز.

بەرگۈسى يولغۇزلىغا ئاققان قىزىل قان رەڭگىنى،
يىل ئوتتۇپ، ئەسىر ئوتتۇپ ئۇشبۇ ئېزىز دىيارىمىز.

سېڭىمىز ياۋلارنى بىز ھەر - بىر خەتەردە تىك تۇرۇپ،
باش بولۇپ تۇرغان چېغى سىزچە ئۇلۇغ سەردارىمىز.

ئاتىدۇق جاننى بۈگۈن تەگسىز ھاياتقا ئوق قىلىپ،
نامىمىز ئۆچمەس پەقەت كەتسەك ئۆلۈپ ھەمبارىمىز.

- چىڭ ئۇمۇس تەسلىم بولۇش--ئولمەي تىرىك ياۋ ئالدىدا،
بىز ئۈچۈن ئەڭ زور ئەدەت قىلغان قەسەم - قارارىمىز»

بىر تەرەپتە پۇخرالار ئاچار مەجلىس،
بىر تەرەپتە چىرىكلەر قىلۇر خىرىس.
ياۋۇزلارنىڭ باشلىرى قېتىپ كەتتى،
باش - ئۇچى يوق ئويلارغا پېتىپ كەتتى.
تۇمشۇغىغا مۇشت يېگەچ بىر نەچچە رەت،
پېتىنالماي ھۇجۇمغا چېكەر ھەم دەرت.
يا كەلمىدى مىكرۇيدىن تېزراق جاۋاپ،
ناشتۇڭنىڭ شۇڭلاشقا باغرى كاۋاپ.
ئۇمەت يېپى ئۈزۈلدى كاتىخەينىڭ،
پىشانىسى شورمىكىن بىتەلەينىڭ؟

× × ×

ئايا ساقى قەدەھ تۇت رەھمەتۇلغا،
مەنمۇ شۇ تاپ بىر قەدەھ ئالاي قولغا.
سادا چىقسۇن جاراڭلاپ رومكىمىزدىن،
ئالقۇننى كە، چاقنىغان قەلبىمىزدىن.

## ئون سەككىزىنچى باپ

1

ناشتۇڭغا بىر كۈنى خەۋەر كەلدى،
قېتىپ كەتكەن بېشىغا خەتەر كەلدى.
بېقىنلاپلا كەلگەنىمىش «يەتتە خۇمپەر»
كوك قەمىردىن چۈشكەندەك يەتتە ھۆكەر-
ماكان قىلمىش جاڭگاللار ئاراسىنى،
دەل ئاتارمىش كورسە جان قاراسىنى.
ئوتتۇز نەۋكەر تەشكىللەپ بىر تاڭ سەھەر-
ئۆزى باش بوپ ناشتۇڭ قىلدى سەپەر.
بۇلار كىلىپ جاڭگالغا ماي – ھۆي دىمەي-
ئىلگىرىلىدى ۋە يەنە ھىچ غەم يىمەي.
يامانسۇنلق چېتىگە يەتكەن چېغى،
ئېنىق بولدى ئەجەلنى ھەم كورمىگى.
بەش چىرىگى يىقىلدى ئارقا – ئارقا،
غايىپ ئوقتىن ئۆزگىچە يوقتۇر سادا.
دىدى شۇندا ناشتۇڭ نەۋكەرلەرگە:
«ئوت ئېچىڭلار بۇ ئەبلەخ، خۇمپەرلەرگە!

يەتتە پەلۋان ھايالسىز سۈرۈپ كەلدى،
ئات ئوينىتىپ بىلەكنى تۈرۈپ كەلدى.
شۇنچە دەھشەت باشلاندى قىلىچۋازلىق،
ئوتتۇز مەرگەن يەتتىگە قىلۇر ئازلىق.
ئارقا - ئارقا ئىرغىدى ياۋنىڭ بېشى،
ناشتۇكنىڭ كۆچەيدى ھەم تەشۋىشى.
«نە كەلدىمەن، — دېدى ئۇ — بولۇپ ئاخماق»
كۆز ئالدىدا قىلىچلار چاقار چاقماق.
ئۆلۈم بولغاندا ئون بەشى چىرىكلەرنىڭ،
كالۋالاشتى پۇت قولى تىرىكلەرنىڭ.
— چېكىن! — دېدى ناشتۇك دەھشەت بىلەن،
بەدەر قاچتى بۇ كەسكىن پۇرسەت بىلەن.
قالغان چىرىك بۆلۈنۈشۈپ ئالاقزادە،
تىكىۋەتتى گاھ ئاتلىق، گاھ پىيادە.
بۇنىڭدىنمۇ بىر قىسمى يەر چىشلىدى،
بۇ زەربىدىن ئاتلىرى مۈككەشلىدى.
بۇ يەتتىسى يەتتە قىز قەھرىماندۇر،
سەركەردىسى پەرىزات مايسىخاندۇر.
مۇنداق باتۇر كەم چىقار قىز ئىچىدە،
ئون قۇياشنىڭ تەپتى بار ھەر بىرىدە.
قايسى ئەرنىڭ بەستى بار يەتتە قىزدەك؟
قايسى يەرنىڭ قىزى بار يەتتە قىزدەك؟!
ئەمدى گەپنى ئاڭلايلى ناشتۇكتىن،
بۇ قېتىمدا چىقمىدى ئىشى توقتىن.

يېتىپ كەلدى مىڭ تەستە بار گاھىغا،
تۇرۇپ بولماس بۇ مىنۇت پەريادىغا.
بايان قىلدى ئەھۋالنى يىغلىغانچە،
گەر يارسىمۇ قارنىنى ئامال قانچە؟
«كېلىپ قالدى، — دېدى ئۇ، ئىشىم چەپكە.
تۇراللىنىپ يۈز نەۋكەر تۇرسۇن سەپكە».
قوماندانلار بۇيرۇقنى بىجا ئەتتى،
يۈز نەۋكەرمۇ شۇ زامان يۈرۈپ كەتتى.
بارار ئىدى تاراقلاپ چىغىر يولدا،
مىلتىقلىرى ئېسىغلىق، قىلىچ قولدا.
بۇ مەلىنىڭ بىپايان ئورمانلىرى،
قاتلام - قاتلام تاغ ئىدى ھەريانلىرى.
تىمىسقىدى چىرىكلەر، سالدى قۇلاق،
ھەم مېڭىشتى پەم بىلەن ئۇياق - بۇياق.
سىرلىرىمۇ ئۆزگىچە بۇ ئېقىننىڭ،
كورۈنمەيتتى قارىسى ئىنىسى جىننىڭ.
شۇ چاغ قۇياش ئۇپۇققا پاتاي دېدى،
يۈز چىرىكنىڭ باشلىرى قاتاي دېدى.
شۇندا بوران كەلدىكى تيانشاندىن،
قاپلاپ كەتتى ئىقلىمنى، چېڭى ئاندىن.
بىر قىيانىڭ باغرىغا چوكتى دۈشمەن،
تۇكۈلگەنچە كىرپىدەك مۈكتى دۈشمەن.
چاقتى چاقماق دەھشەتلىك گۇلدۇر - گۇلدۇر،
چۈشتى بىردىن يەر تامان كوكتىن مولدۇر.

مانا شۇ چاغ ئوق چىقتى ساداقلاردىن،
بۇ چىققان ئوق كەلگەندۇر قاياقلاردىن؟!
چىرىكلەرنىڭ يەر چىشلەپ ئۈچتىن بىرى،
بەدەر قاچتى جېنى ساق قالغانلىرى.
تۈن يېرىمدا چىدىرغا يېتىپ كەلدى،
قورقۇنچىدىن شەيمانى كېتىپ كەلدى.
ناشتۇڭغا ئەھۋاللار بايان بولدى،
ھەسرەت چېكىپ يۈرىكى قانغا تولدى.

× × ×

مەي سۇن ساقى يەتتە قىز - پەرۋانىغا،
يەتتى ئۇلار بۈگۈن بىر ئارمانىغا.
كورسۇن مەينىڭ ئەكسىدە ئۆز جامالىن،
كورسۇن يەنە شاتلىقتا ئۆز كامالىن.

# ئون توققۇزىنچى باپ

1

يازغىن قەلەم ھەسرەتنىڭ ساداسىنى،
نەساداكى قان قىيان دەرياسىنى.
ئاگۈي كەلدى زەپ ھەيۋەت قوشۇن تارتىپ.
بېزىپ تۇردى ئەھۋالنى نەچچە كاتىپ.
مەسلىھەتكە مىگرۇبنى ئېلىپ كەلدى.
لەكمىڭ لەشكەر كەينىگە سىلىپ كەلدى.
ئاۋال باشتا ئاقسۇنى ماكان ئەيلەپ،
ھىلە بىرلە بەگلەرگە زوۋان ئەيلەپ.
جاي - جايلاردىن چاقىردى يۇرت باشنى،
ياغلىق بىلەن سۈرتۈپ ھەم كوز ياشنى.
ئېغىز ئاچتى ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت بىلەن،
چەنلۇڭ خاننى تىلغا ئېپ ھورمەت بىلەن:
«تەبرىكلەيمەن سىلەرنى موتىۋەرلەر.
خانغا سادىق، ئەقىللىق ئەي ھۆكەرلەر.
ھەممىڭلارغا شاھىمىز دىدى سالام،
زەپ بىرلاقتا شۇ كۈندە ئۆز بىئارام.

بىجا ئەتمەي بۇيرۇقنى ئۇچتۇرۇپانلىق،
ئىسيان قىلدى ئەيمەنمەي تېخى قانلىق.
دەرھال تەدبىر قوللانماي زادى بولماس،
شاھىمىزمۇ بىزلەردىن رازى بولماس.
زور كۈچ بىلەن ھەممىمىز تېپىپ ئامال،
باستۇرايلى ئىسيانى قىلىپ قامال.
قىلىپ بولماس ئۇلارغا رەھىم - شەپقەت،
قالغانلارمۇ ھەم ئالسۇن بۇندىن ئىبرەت.
ئەگەر كىمكى بىزلەرگە بولسا سادىق،
قانلىق جەڭدە ئالمىسا قاچە ھادىق.
كوتىرىمىز مەنسەپنى بىردەمدىچە،
خىجالەتسىز ياشايدۇ ئۇ ئۆلگىچە.
ئەي بەگلىرىم قانداقتۇ ئىرادەڭلار؟
قانداق بولۇر بۇ جەڭدە ئىرادەڭلار؟...»
دىدى بىركىم: سىز بىزنىڭ قاناتىمىز،
سىز سىز خاردۇر جاھاندا ھاياتىمىز.
دىدى بىركىم: خۇمپەرلەر جازا تاپقاي،
ئەسىمتۇلدەك بەدبەخلەر قازا تاپقاي...

2

ئىسيانچىلار ھالىنى يازغىن قەلەم،
چەكتى ئۇلار قانچىلىك دەردۇ - ئەلەم؟
سېپىل بويلاپ يۈرۈدۇ ياۋ لەشكىرى،

ئۆلۈپ كەتتى خەلقنىڭ ئۆچتىن بىرى.
كۆچەپ كەتتى ۋە يەنە ئاغرىق - سىلاق،
ھەرجەھەتتىن بولمىدى ئەجەل يىراق.
يەتتىنچى ئاي توققۇزى بىر تاڭ سەھەر،
سېپىل تېشى چىرىكلەر، مىلىق قات كەمەر.
ئوق ياغدۇردى سېپىلگە توپ - زەمبىرەك،
كۆتىرىلدى چاڭ - توزاڭ ئاسمان پەلەك.
كۆپ ئىمارەت ھەم بولدى كۆكۈم - تالقان،
مۇنداق جەڭدە ھاجەتسىز قىلىچ - قالقان.
ئىسيانچىلار ھەم كىلدى دەرغەزەپكە،
توپ - توپ بولۇپ بولۇنۇپ ھەر تەرەپكە.
بىر قانچە رەت سېپىلنى بۇسۇپ ياقتى،
دەريا - دەريا قانلىرى يەنە ئاقتى...

× × ×

ھەي سۇن ساقى ھەيپامدەك ئىچەي بۇ رەت،
جەڭ ئاراسى قانلارغا كېچەي بۇ رەت.
ئوڭ يېنىمدىن ئايلانسۇن بۇلبۇل پەرى،
سول يېنىمدىن ئايلانسۇن ھەم گۈل پەرى.

## يەگىرمەنچى باپ

1

ئوتتۇپ دەھشەت ئارىدىن ئاران بىر كۈن،
شۇ بۇ كۈننىڭ كېچىسى دەل يېرىم تۈن.
دەرۋازىغا ياماشتى ئىككى كىشى،
گەر سېزىلسە يوق ئىدى مۇندا بېشى.
تاشقىرىغا چىققىنى ـ دە، بولدى غايىپ،
ئىترەپ كەتتى تەنلىرى ھەم ئاجايىپ.
كوردى شۇندا بىركىمنىڭ قاراسىنى،
كى ئاڭلىدى «كىم!» دىگەن، ساداسىنى.
قول كۆتۈرۈپ ئىككىسى «ۋاي بىز» دىدى،
مانا بۇلار ــــ شىرىپ بەگ، ساۋۇت ئىدى.
ھەيدەپ كەلدى ئاگۈينىڭ ھوجراسىغا،
قالدى مۇندا سوراقنىڭ بالاسىغا.
ئاگۈي شۇچاغ دەھشەتلىك ۋاقىرىدى،
ئىككى كوزى ئەينەكتەك پارقىرىدى:
ــــ ئىشەنمەيمەن زادىلا ھەييار سىلەر،
گىزى كەلسە ئىسيانغا تەييار سىلەر.

ياخشىلىقنى كۈتۈشمە خىزمەت قىلماي،
كېلەشتىكۇ يا مېنى كوزگە ئىلماي؟!
— ئۈچكۈن ئىچرە بىرەيلى بىز بىر خەۋەر،
يالغان بولسا، بىزلەرگە كەلمەس زەپەر.
شەرمەندىلەر زارى - زار ۋەدە بېرىپ،
يالاش بىلەن سېپىلگە كەتتى كىرىپ.

2

تاڭ سەھەردە دۈشمەنلەر بولۇپ بىر سەپ،
ئەتقا چۈشتى قايتىدىن جەڭنى يوتكەپ.
سېپىل بويلاپ خەندەكلەر ئويىدى بۈگۈن،
ئەل جېنىغا قاپقانلار قويىدى بۈگۈن.
تەھلىل قىلدى ئەھۋالنى ئىسيانچىلار،
غەزەپ بىلەن سوزلىدى بىر قانچىلار:
«نابۇت بولدى نەچچۈككىم پىلانىمىز؟
نە بىلىندى دۈشمەنگە قارايىمىز؟
ۋە يا بارمۇ ئارادا يات بەندىلەر؟
ئىنقىلاپنىڭ خائىنى شەرمەندىلەر...»
ئەسىمتۇلدا بارئىدى زور جاسارەت،
گاڭ ئىرادە، شەمشاتتەك قەددى - قامەت.
كېچە - كۈندۈز سېپىلنى بويلاپ يۈرۈپ،
تۈرلۈك - تۈمەن ئويلارنى ئويلاپ يۈرۈپ.
تەييار قىلدى يېتەرلىك ئوزۇق - تالقان،

تەييار قىلدى مىڭلىغان قىلىچ - قالقان.
جەسۇرلۇققا ئۈندەيتتى پالۋانلارنى،
ئېزىزجاننى ئالقالىغا ئالغانلارنى.
مەخپى يىغىن ئاچماقچى بۈگۈن كېچە،
شامدىن باشلاپ ھەتتاكى تاڭ ئاتقىچە.
چاقىرىلدى قىرىق بىر نەۋكەر بېشى،
قاسىم باتۇر بەگلەرنىڭ ئىدى يېشى.
ساۋۇت بىلەن شىرىپمۇ بار ئاردا،
دايىم تۇرار بەگلەرنىڭ قاتارىدا.
ھە دىگەندە ھۇ دەپلا يۈرگەن ئىدى،
گاھى چاغدا بىلەكنى تۈرگەن ئىدى.
راسا قاغاپ سۆچىكنى، ئابدۇللانى،
چۈشۈرمەيتتى ئاغزىدىن ھەم خىزدانى.
بۈگۈن بەگلەر غەزەپكە تولغان ئىدى،
كى قەسەميات يىغىنى بولغان ئىدى.
سائەت تۇرۇپ شىرىپ بەگ ھاجەت دىدى،
ئەسمتۇل بەگ دەرھاللا رۇخسەت دىدى.
چىققىنىدا يۈگۈرۈپ سىپىل تامان،
بىر يوچۇقتىن ھالقىدى دەل شۇ زامان.
ياۋمۇ شۇندا ئەھۋالنى چاغلىۋالدى،
بۇ خائىننى چەمبەرچەس باغلىۋالدى.
بەرلىك بەگلەر ئارىسى غۇل - غۇل بولۇپ،
كى چەرچەنلىك ئوسمان بەگ[1] مەسئۇل بولۇپ.

[1] ئوسمان بەگ — ئوچتۇرپان دىخانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا قاتناشقان.

تاللىۋالدى يۈز نەپەر خاتىن قوشۇن،
پۇخرالارنىڭ جېنىغا زامىن قوشۇن.
يېتىپ كەلدى بىر پەستە شىۋىرلىشىپ،
بېسىپ كىردى ھەم ئۆيگە پىتىرلىشىپ.
ھەممىسلا ئېتىلدى قاسىم جانغا،
يار ئىشقىدا پەرھاتتەك باغرى قانغا.
ئۆي ئىچىگە شاقىراپ ئاقتى قانلار،
ئاخىرغىچە ئېلىشتى قەھرىمانلار.
كېتىپ قالدى قاسىمجان شەيمانىدىن،
كېتىپ قالدى ئەستۇل ھەم ھالىدىن.

× × ×

ئايا ساقى، مەي تۇتقىل بىھوش بولاي،
يار ۋىسالىن كورگىلى بىر قۇش بولاي.
سەيلان قىلسۇن ئەرشىدە جانىم مېنىڭ،
قىزىل گۈلگە رەڭ بەرسۇن قانىم مېنىڭ.

# يەگىرمە بەرىنچى باپ

1

چايقال ئاسمان، چايقالغىن توك يېشىڭنى،
ئەي زەپەر دەست تاغلىرىم — ئەگ بېشىڭنى.
تۈتقۈن بولدى تۆيۈقسىز، قوماندانلار،
ئەسمىتۇل باش ئوت يۈرەك قەھرىمانلار.
چۈنكى چىقتى بۇ قېتىم يېغى ياندىن،
تۈز كورلارنىڭ قىلمىشى ئوتتى جاندىن.
يالاپ چىقتى ئۈلارنى بىر توپ قاۋان.
قانغا تويدى بۇ كېچە ئەجدار - چايان.
مۇنداق دەھشەت بولمىغاي قىيىن - قىستاق،
نىمجانلارنىڭ كوزىدىن چاقار چاقماق!
ئەسمىتۇل بەگ يۈرىگى گويا يالقۇن،
دىدى يالقۇن: كوزۈمدىن يۇقال مەلئۇن!!!
دىدى بىرسى: قانخورلار تارت قولۇڭنى!
ئادەمسىمان يىرتقۇچلار تاپ ھۇشۇڭنى!
دىدى بىرسى: تىز پۈكۈش گۇنا بىزگە!
دېگىنىز - ئوكيان تەڭ كەلمەس قەھرىمىزگە!...

كۈچنى يىغىپ قاسىمجان تۇردى مەردانە،
غەزەپ ئىچرە تېنىدىن چىقتى ھەممە جان؟
كېسەك باشلار سازايى ئۈلۈك سەھەردە،
كۆك يۈزىگە بۇلۇتلار يايتى پەردە،

2

سېپىل ئىچرە كەپ ئۆلۈك كىتاپخانىلار،
نەھالەتتە تۇرغاندۇ باغرى قانلار؟
سەردارلارنىڭ خەۋىرى يەتكەن چېغى،
ئېرىپ كەتتى ھازىدىن كۆزىنىڭ يېغى.
بەزى بىرلەر ئىشەنمەي قۇلاغىغا،
ئاتتى مۇللاق غەزەپنىڭ قىيانىغا.
ياقا يىرتىپ بەزىلەر چەكتى پەرياد،
ئاھ! چىقمىدى ئاشقىرى بولسا قانات!
ئاھ! بولمىدى ئەمدى نە قىلىش كېرەك؟
ياۋدىن چەزمەن بىر قىساس ئېلىش كېرەك!
چىقتى يانا باش بولۇپ مەردانەلەر،
ئەل ئىشقىدا ئوت يۈرەك پەۋانىلەر،
يوسۇپ باقتى نەچچە رەت دەرۋازىنى،
چىرىك ھەيران كۆرۈپ ئەل ئەلپازىنى.
ئۈزۈلگەن باش گويا كى سېپىلنىڭ تېشى،
ئۆتۈشمۇ تەس جەسەتنى ئاتلاپ كىشى،
قىلدى بۇ جەڭ شىددەتلىك ھەپتە داۋام،

ئىسيانچىلار تۇتقۇنغا چۈشتى تامام.
كىم دېگەندە ئون مىڭدۇر تۇتقۇن سانى،
ئەڭ دەھشەتلىك قىينالدى ئۇلار جانى.
پۇت لا قولغا سېلىنىپ كويزا كىشەن،
سەپەر قىلدى ئىلىغا مۇزات بىلەن.

ن لمسل 3

سەزگەن چېغى يەتتە قىز جەڭ ھالىنى،
ھەممە ياقنى يەتكۈزدى ئەھۋالىنى.
سەپكە چىقتى ئون ياشلىق باللارمۇ،
قېرى بوۋاي ئاق چاچلىق ئانىلارمۇ.
دېدى ئۇلار: يائولۇم ۋە يا كورۇم!
باشلا جەڭگە ھەي سەردار مايسە گۈلۈم!!!...
چېرىكلەرنىڭ ئالدىنى توستى ئۇلار،
تاغدىن كەلگەن كەلكۈندەك بوستى ئۇلار.
تاغلارنىمۇ تىترەتتى قىقاس چۇقان،
كوك قەھرىگە تۇتاشتى غەزەپ گۈلخان!
شۇ غەزەپتە چېرىكلەر كەتتى ۋايساپ،
قەھرىمان ئەل دەھرىدىن ئولۇپ مىڭلاپ.
يېقىنلىشىپ كەلگەندە يەتتە ھۆكەر،
گاھ چېرىكلەر ئۆزىگە سالدى خەنجەر.
گاھلىرىنىڭ شۇئانلا چىقتى جانى،
گاھلىرىنىڭ دۇتولدى ھەم رۇۋانى.

بىراق قىزلار ھەم كەتتى شەيمانىدىن،
ھېرىپ چارچاپ ئاچارچىلىق ئازاۋىدىن.
شۇچاغ قورشاپ ياۋۇزلار چەمبەرسىمان،
چاڭگال سالدى قىزلارغا پەيلى يامان!
ئىگىز تاغنىڭ ئۈستىگە چىقتى قىزلار،
تارىخ بىتى بىر ئۈچمەس سالدى ئىزلار.
دىدى ئاسمان: چىق بۇيان قەھرىمانلار!
يۇرتنى سۆيگەن زەبەردەست ئىزىز جانلار!
دىدى يەرمۇ: كىر قوينۇم مېھرىبانلار!
ساڭا خاستۇر ئەبەدى شەرەپ - شانلار!
دىدى تاغلار: ئاستىمدىن تۇتقىن ماكان!
تاغ پەرىسى بولغايسەن ئاخىر زامان!
دىدى دەريا: بىلىق بول ھەي قىزلىرىم!
نىمەت بېرەي مىزلىك ئېزىزلىرىم!
دىدى ئورمان: بەستىمگە تاشلاي سايە!
ماڭا ئوخشاش كوكەرسۇن گۈزەل غايە!

..........................................

× × ×

ئايا ساقى ھەي كەلتۇر زەم - زەم كەلتۇر،
دىگىز - ئوكيان بولسۇن جام — دەم - دەم كەلتۇر
دىسۇن قىزلار:
ئەلۋىدا!!!
ئاھ! ئەلۋىدا!!!
چىقسۇن ھەيۋەت جاراڭلاپ جامدىن سادا!

## خاتىمە

ئۇنتۇش گۇنا ئۆتمۈشنى — نەسلىمىزنى،
شۇڭا يازدىم كىتاپچان يەتتە قىزنى،
چۈنكى ئۇنىڭ بىر شاھىد قەۋرىسى بار،
شۇ قەۋرىنى قوغدىغان نەۋرىسى بار،
تۇرسا ئۇنىڭ ئەل ئارا كۆپ ھۆرمىتى،
نېچۈك بايان بولمىدى قەغەز بېتى؟!
ئىزھار ئەيلەپ ئەجداتلار كەچمىشىنى،
تارىخ ئۆزرە بايان قىلىپ ھۆرمىتىنى.
بۇ داستاننى يېزىشقا جۈرئەت قىلدىم،
ئېتىم ئورۇق، يول يىراق، مەدەت قىلدىم!
پەستە قويۇپ مۇشەققەت داۋانىنى،
كۆردۈم ئاخىر يەتتە قىز ۋىسالىنى.
ئەۋلادىم بار مىڭگۈ شات - بەختىيار،
بەختىياردۇر بولغاچقا دەۋرىم باھار.
ئەۋلادىمغا سۆزۈم شۇ: ۋەتەن سۆيسۇن،
بۇسۆيگۈدە يۈرىكى يېنىپ كۆيسۈن،
چۈنكى ۋەتەن تۇپرىقى بىباھادۇر،
ھەرچىمدىمى كىشىگە تۇتىيادۇر،
بۇ داستاننى يېزىشتىن مەقسىدىم شۇ،

تاڭچە بولسا دېگىنىزغا مىرادىم شۇ.
ئاجىز ئىدى تەسۋىرگە تىلىم بىر ئاز،
ئەجرى قىلدى كوچەتكە پىردىم ئۇستاز.
مىزە بەرسەم رىزادۇر مېنىڭ جانىم،
نۇقسان بولسا كەچۈرۈڭ كىتاپخانىم!

1980 — 1984-يىل ئۈچتۇرپان قەشقەر

# 七 女 传

（维吾尔文）
依布拉依木·库尔班著
责任编辑：阿·阿吉

喀什维吾尔文出版社出版
新 疆 新 华 书 店 发 行
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
规格：787×1092毫米、1/32开本印张 4
1984年 5 月第 1 版、1984年 7 月第 1 次印刷
印数：1 － 15000

统一书号：M10264——41
定价：0.32元

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىددىن بەھرام

统一书号：M 10264——41

定价：0.32元